# ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش



غالىب سۇلايمان ئەلھەربي

بسم الله الرحمن الرحيم

غالىب بىن سۇلايمان
ئەلھەربىي

# ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

(ھۆكۈملەر، ۋەقەلىكلەر، پەتۋالار)

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

# ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشنىڭ هارام ئىكەنلىكى

# ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

**غالىب بىن سۇلايمان ئەلھەربىي**


تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ياركەنت

تەھرىر: ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

بەتچىك: م. يۈكسەل (خوتەن)

2023- يىلى 12- نويابىر، بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشرگە تەييارلىدى

**ئىستانبۇل - تۈركىيە**

# مۇندەرىجە

**كىرىش سۆز** ........................................ 3
**ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەر** ........................................ 4
**ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر** ........................................ 7
**ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر** ........................................ 10
**ئاتا - ئانىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى** ........................................ 13
بىرىنچى ھەق: ئاللاھقا ئىبادەت قىلغاندىن كېيىنلا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئېھسان قىلىش كېرەك ... 13
ئىككىنچى ھەق: ئۇلارنى دۆشكەلىمەسلىك كېرەك ........................................ 15
ئۈچىنچى ھەق: ئاتا - ئانىغا نەپىقە قىلىش كېرەك ........................................ 16
تۆتىنچى ھەق: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش ........................................ 17
بەشىنچى ھەق: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى نەپلە ناماز ۋە باشقا نەپلە
ئىبادەتلەردىن ئىلگىرى قىلىش ........................................ 18
ئالتىنچى ھەق: ئاتا - ئانا گەرچە پەرزەنتىگە زۇلۇم قىلسىمۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش كېرەك ........................................ 21
**ئاتا - ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا** ........................................ 22
بىرىنچى: ئۇلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك قەرزى بولسا ئۇنى ئادا قىلىش ........................................ 22
ئىككىنچى: ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىش ........................................ 24
ئۈچىنچى: ئۇلارنىڭ تاپشۇرغان ۋەسىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ........................................ 25
تۆتىنچى: ئۇلارنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىش ........................................ 25
بەشىنچى: ئۇلارنىڭ قىلغان نەزرىنى ئورۇنداش ........................................ 26
ئالتىنچى: ئۇلارنىڭ تۆتالماي قالغان روزىسىنى ئادا قىلىش ........................................ 27
يەتتىنچى:ئۇلار ئۇچۇن ھەج قىلىش ........................................ 27
سەككىزىنچى: ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش، يوقلاش ........................................ 28
توققۇزىنچى: ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى يوقلاش ........................................ 29
**ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئۈلگىلىك مىساللىرىدىن** ........................................ 30
ئۈۋەيس ئەلقەرنىي ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا قىلغان ياخشىلىقى توغرىسىدا ........................................ 34

**ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ مېۋىلىرى** ........ 36
بىرىنچى: ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇپ، جەننەتكە كىرگىلى بولىدىغانلىقى ........ 36
ئىككىنچى: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ ........ 37
ئۈچىنچى: دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ ........ 37
**ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ۋاستىلەر** ........ 38
**مۇسۇلماننىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بولىدىغان ئەدەبلىرى** ........ 39
**ئاتا - ئانىنى قاقشاتماسلىق توغرىسىدا** ........ 40
**ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر** ........ 40
**ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشنىڭ كۆرۈنۈشلىرى** ........ 42
**ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش توغرىسىدىكى ئەمەلىي ۋەقەلىكلەر** ........ 46
ئانىسىغا يۈز رىيالغا ئۈزۈك ئېلىپ بېرىشكە بېخىللىق قىلغان كىشىنىڭ ۋەقەلىكى ........ 46
ئاتىسى ئوغلىغا ئۆي سېلىپ بەردى، ئوغلى ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەن مۇكاپاتلىدى ........ 47
كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاتا - ئانىسىنى ئەڭ بەك قاقشاتقۇچى توغرىسىدا ........ 50
ئانىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا قولى قۇرۇپ كەتكەن بالىنىڭ ۋەقەلىكى ........ 51
نەسىھەت ۋە ئىبرەت ........ 54
قولى تۇتماس بولۇپ قېلىش جازاسى ........ 56
ئاتىسىنى ئۇرغان كىشىنىڭ ۋەقەلىكى ........ 57
**پەتۋالار** ........ 59
پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتى ........ 59
ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭ ........ 60
سىرتقا چىقىشتىن ئىلگىرى ئاتا - ئانىدىن ئىزنى ئېلىش ........ 61
ئانام رازى بولمىغان بىر چوكان بىلەن توي قىلىشنى مەقسەت قىلىمەن ........ 62
مەس بولۇپ قالغان ئاتىسىنى ئۇرغانلىقى توغرىسىدا ........ 63
ئانىسىغا زۆرۈر بولغان دىنى ئىشلارنى تەلىم بېرىشمۇ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ ........ 64
ئاتا - ئانام بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ، بىرىگە ياخشىلىق قىلسام، يەنە بىرىنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ ........ 65
ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىمەن دەپ ۋاجىب ۋە سۈننەت ئەمەللەرنى تەرك قىلىشنىڭ ھۆكمى ........ 67
ياخشى كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇشنى تەرك قىلىشتا ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى ........ 68
ئاتىڭىزنىڭ بىرنەرسە سېتىۋېلىشقا بەرگەن پۇلى ئېشىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىگە بولىشىڭىز توغرا بولمايدۇ ... 69
ئاتام مېنى تاماكا سېتىۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ ........ 70
**خاتىمە** ........ 71

# كىرىش سۆز

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

**بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.**

**ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەجبۇرىيەت، ئۇلارنى قاقشىتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ كىتابچىدا بۇ توغرىدىكى ئەدەب - ئەخلاق، ۋەقەلىك ۋە پەتۋالاردىن كۆچۈمنىڭ يېتىشچە توپلىدىم، ئاللاھ تائالا بۇ كىتابچىنى ئوقۇغان كىشىگە مەنپەئەت بەرگەي، بۇنىڭ بىلەن ئاتا -ئانىسىنى قاقشاتقان ۋە ئۇلارنىڭ قارشىسىدا تۇرغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەي.**

**پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.**

**غالىب ئىبنى سۇلايمان ئىبنى سەئۇد ئەلھەربىي**

**ھىجرىيە 1424- يىل رامىزاننىڭ 5- كۈنى**

**رىياد (سەئۇدى ئەرەبىستان)**

# ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەر

**1- ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا، وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا، رَبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمْ ۚ إِنْ تَكُونُوا صَالِحِينَ فَإِنَّهُ كَانَ لِلْأَوَّابِينَ غَفُورًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي! دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن). ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن. پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا - ئاناڭلارنى قاقشاتقۇچى بولمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1].**

**2- ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَىٰ وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ، وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلَىٰ أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا ۖ وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا ۖ وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ۚ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى**

[1] «سۈرە ئىسرا»: 25/23- ئايەت.

(قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن﴾[1].

3ـ ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا ۖ وَإِنْ جَاهَدَاكَ لِتُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا ۚ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن﴾[2].

4ـ ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ إِحْسَانًا ۖ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ كُرْهًا وَوَضَعَتْهُ كُرْهًا ۖ وَحَمْلُهُ وَفِصَالُهُ ثَلَاثُونَ شَهْرًا ۚ حَتَّىٰ إِذَا بَلَغَ أَشُدَّهُ وَبَلَغَ أَرْبَعِينَ سَنَةً قَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَىٰ وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِي ۖ إِنِّي تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنَ الْمُسْلِمِينَ، أُولَٰئِكَ الَّذِينَ نَتَقَبَّلُ عَنْهُمْ أَحْسَنَ مَا عَمِلُوا وَنَتَجَاوَزُ عَنْ سَيِّئَاتِهِمْ فِي أَصْحَابِ الْجَنَّةِ ۖ وَعْدَ الصِّدْقِ الَّذِي كَانُوا يُوعَدُونَ﴾ ﴿بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق

[1] «سۈرە لوقمان»: 15/14- ئايەت.

[2] «سۈرە ئەنكەبۇت»: 8- ئايەت.

كۆتـۈرۈش مۇددىتـى ۋە ئۇنـى سـۈتتىن ئايرىـش مۇددىتـى 30 ئايـدۇر. تاكـى ئـۇ (بـوۋاق ئۆسـۈپ) كـۈچ ـ قۇۋۋەتكـە تولـۇپ، 40 ياشـقا يەتكەنـدە، (ئـۇ): «پەرۋەردىگارىـم! سـېنىڭ مـاڭا ۋە ئاتـا ـ ئانامغـا بەرگـەن نېمىتىڭگـە شـۈكۈر قىلىشـىمنى ۋە سـەن رازى بولىدىغـان ياخشـى ئىشـنى قىلىشـىمنى مـاڭا ئىلھـام قىلغىـن، مـەن ئۈچـۈن مېنـىڭ ئەۋلادىمنـى تۈزىگـىن (يەنـى مېنـىڭ ئەۋلادىمنـى ياخشـى ئادەملـەر قىلغىـن)، مـەن ھەقىقەتـەن سـاڭا (جىمـى گۇناھلىرىمدىـن) تەۋبـە قىلدىـم، مـەن ھەقىقەتـەن مۇسـۇلمانلاردىندۇرمەن، ئەنـە شـۇنداق كىشـىلەرنىڭ ياخشـى ئىشـلىرىنى قوبـۇل قىلىـپ، يامـان ئىشلىرىنى كەچـۈرۈم قىلىمىـز، ئـۇلار (ئالـلاھ يامان ئىشـلىرىنى كەچۈرگەنلەر بىلـەن) جەننەتتـە بولىـدۇ، (بـۇ) ئۇلارغـا قىلىنغـان راسـت ۋەدىـدۇر﴾[1].

3ـ ئالـلاھ تائـالا يەنـە مۇنـداق دېگـەن: ﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنْفِقُونَ ۖ قُلْ مَا أَنْفَقْتُمْ مِنْ خَيْرٍ فَلِلْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ وَالْيَتَامَىٰ وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ ۗ وَمَا تَفْعَلُوا مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللَّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ ﴿(ئـى مۇھەممەد!) سـەندىن (ماللىرىدىن) قانداق نەرسـىنى سـەرپ قىلسـا بولىدىغانلىقىنى سـورايدۇ، ئېيتقىنكى، «مال ـ مۈلكىڭلاردىـن نېمىنـى سـەرپ قىلسـاڭلار، ئۇنـى ئاتـا ـ ئاناڭلارغـا، خىـش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغـا، مىسـكىنلەرگە ۋە ئىبـن سـەبىللەرگە سـەرپ قىلسـاڭلار بولىـدۇ. ياخشـىلىقتىن نېمىنـى قىلمـاڭلار، ئالـلاھ ئۇنـى بىلىـپ تۇرىـدۇ﴾[2].

[1] «سۈرە ئەھقاف»: 16/15- ئايەت.

[2] «سۈرە بەقەرە»: 215- ئايەت.

# ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر

**1- ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى يەھيا ئەلەيھىسسالامنى نۇرغۇن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى، شۇ سۈپەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئۇ زات ئاتا - ئانىسىغا كۆپ ياخشىلىق قىلاتتى.**

**بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا يَحْيَىٰ خُذِ الْكِتَابَ بِقُوَّةٍ ۖ وَآتَيْنَاهُ الْحُكْمَ صَبِيًّا، وَحَنَانًا مِنْ لَدُنَّا وَزَكَاةً ۖ وَكَانَ تَقِيًّا، وَبَرًّا بِوَالِدَيْهِ وَلَمْ يَكُنْ جَبَّارًا عَصِيًّا﴾ ﴿(يەھيا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا) «ئى يەھيا! كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تىرىشىپ ئوقۇغىن» (دېدۇق). ئۇنىڭغا باللىق چېغىدىلا ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلدۇق، بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئۇنى (ناچار خىسلەتلەردىن) پاك قىلىش يۈزىسىدىن (شۇنداق قىلدۇق)، يەھيا تەقۋادار ئىدى، ئۇنى ئاتا - ئانىسىغا كۆيۈمچان (قىلدۇق)، ئۇ مۇتەكەببىر (يەنى ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى)، (پەرۋەردىگارىغا) ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى﴾[1].**

**2- ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿قَالَ إِنِّي عَبْدُ اللَّهِ آتَانِيَ الْكِتَابَ وَجَعَلَنِي نَبِيًّا، وَجَعَلَنِي مُبَارَكًا أَيْنَ مَا كُنْتُ وَأَوْصَانِي بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ مَا دُمْتُ حَيًّا، وَبَرًّا بِوَالِدَتِي وَلَمْ يَجْعَلْنِي جَبَّارًا شَقِيًّا، وَالسَّلَامُ عَلَيَّ يَوْمَ وُلِدْتُ وَيَوْمَ أَمُوتُ وَيَوْمَ أُبْعَثُ حَيًّا، ذَٰلِكَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ ۚ قَوْلَ الْحَقِّ الَّذِي فِيهِ يَمْتَرُونَ﴾ ﴿بوۋاق ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ)، قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى، مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى، مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ**

---

[1] «سۈرە مەريەم»: 14/12- ئايەت.

قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (ئاللاھتائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىمەن، ئەنە شۇ ئىيسا ئىبنى مەريەمنىڭ (قىسسەسىدۇر). ئىيسا ئۇلار دەتالاش قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ (ھەقىقىتى) ئۈستىدە ھەق گەپنى قىلدى﴾[1].

3- ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا بىنائەن مۇنداق دېگەن: ﴿رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلَاةِ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي ۚ رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءِ، رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىرقىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن﴾[2].

4- ئاللاھ تائالا يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا بىنائەن مۇنداق دېگەن: ﴿رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ، وَاجْعَلْ لِي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ، وَاجْعَلْنِي مِنْ وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ، وَاغْفِرْ لِأَبِي إِنَّهُ كَانَ مِنَ الضَّالِّينَ، وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن، كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن، مېنى نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن، ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن گۇمراھلاردىن بولدى، ئۇلار (يەنى خالايىقلار ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرىلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن﴾[3].

4- ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا بىنائەن مۇنداق دېگەن: ﴿رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِمَنْ دَخَلَ بَيْتِيَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَلَا تَزِدِ الظَّالِمِينَ إِلَّا تَبَارًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مېنىڭ

---

[1] «سۈرە مەريەم»: 30/34- ئايەت.

[2] «سۈرە ئىبراھىم»: 40/41- ئايەت.

[3] «سۈرە شۇئەرا»: 83/87- ئايەت.

ئۆيۈمگە مۇئمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۇئمىن ئەرلەرگە، مۇئمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن﴾[1].

5- ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا بىنائەن مۇنداق دېگەن: ﴿فَبَشَّرْنَاهُ بِغُلَامٍ حَلِيمٍ، فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَىٰ فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانْظُرْ مَاذَا تَرَىٰ ۚ قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ ۖ سَتَجِدُنِي إِنْ شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ، فَلَمَّا أَسْلَمَا وَتَلَّهُ لِلْجَبِينِ، وَنَادَيْنَاهُ أَنْ يَا إِبْرَاهِيمُ، قَدْ صَدَّقْتَ الرُّؤْيَا ۚ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ، إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ الْبَلَاءُ الْمُبِينُ، وَفَدَيْنَاهُ بِذِبْحٍ عَظِيمٍ﴾ ﴿بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بەردۇق، ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغۇلچىقىم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنى (ئۇنىڭغا) سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن، ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى، بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)» دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز، بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق﴾[2].

---

[1] «سۈرە نۇھ»: 28- ئايەت.

[2] «سۈرە سەففات»: 107/101- ئايەت.

# ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر

**1- ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:**

**— ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلگۈچى ئەمەل قايسى؟ — دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز، — دېدى.**

**— ئاندىن قالسىچۇ؟ — دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، — دېدى.**

**— ئاندىن قالسىچۇ؟ — دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، — دېدى»[1].**

**2- ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، جىھادقا چىقىش توغرىسىدا رۇخسەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە:**

**— ئاتا-ئاناڭ ھاياتمۇ؟ — دېدى. ئۇ كىشى:**

**— ھايات، — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا تىرىشچانلىق قىلغىن، — دېدى»[2].**

---

[1] «بۇخارىي» (527) ۋە «مۇسلىم» (85).

[2] «بۇخارىي» (3004) ۋە «مۇسلىم» (2549).

**3. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:**

**— مەن ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن، ئاتا - ئانامنى يىغلىغان ھالەتتە قويۇپ سىلىگە بەيئەت قىلغىلى كەلدىم، — دېگەندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— سەن ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇلارنى قانداق يىغلاتقان بولساڭ، شۇنداق كۈلدۈرگىن (خۇرسەن قىلغىن)، — دېدى»[1].**

**4. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:**

**— مېنىڭ جىھادقا چىقىشقا بەك ئىشتىياقىم بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قادىر بولالمىدىم، — دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— ئاتا - ئاناڭدىن بىرەرسى ھاياتمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:**

**— ئانام ھايات، — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ ئاللاھقا ئۇچراشقىن! ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، سەن ھەج قىلغۇچى، ئۆمرە قىلغۇچى ۋە جىھاد قىلغۇچى، — دېدى»[2].**

**5. ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلدۇكى، بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:**

**— مېنىڭ ئايالىم بار، ئانام مېنى ئۇنى تالاق قىلىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ؟ — دېگەندى، ئەبۇددەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:**

**— مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاتا (ياكى**

[1] «ئەبۇ داۋۇد» (2530).

[2] «مۇسنەدۇ ئەبى يەئلا» (2760). تەبەراني «ئەلمۇئجەمۇسسەغىر» ۋە «ئەلمۇئجەمۇلئەۋسەت»تە رىۋايەت قىلغان.

ئانا) جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر، شۇڭا، خاھلىساڭ بۇ ئىشىكلەرنى زايە قىلىۋەتكىن ياكى ياخشى مۇھاپىزەت قىلغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، ــ دېدى[1].

6- ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمنى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ۋە رىزقىنىڭ زىيادە بولۇشى خۇرسەن قىلىدىكەن، ئۇ كىشى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى ئۇلىسۇن»[2].

7- ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھ بولۇشۇم (ۋە خىزمىتىنى قىلىشىمغا) كىشىلەردىن كىم ئەڭ ھەقلىق؟ ــ دېگەندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاناڭ، ــ دېدى.

ــ ئۇنىڭدىن كېيىن كىم؟

ــ ئاناڭ.

ــ ئۇنىڭدىن كېيىن كىم؟

ــ ئاناڭ.

ــ ئۇنىڭدىن كېيىن كىم؟

ــ ئاتاڭ[3].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

---

[1] «ئىبنى ماجە» (2089) ۋە «تىرمىزىي» (1900). ھەدىسنىڭ لەۋزى تىرمىزىينىڭ. ئالبانىي «سەھىھ» دېگەن.

[2] «ئەھمەد» (13838). شۇئەيب ئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

[3] «بۇخارىي» (5971) ۋە «مۇسلىم» (2548).

# ئاتا - ئانىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى

## بىرىنچى ھەق: ئاللاھقا ئىبادەت قىلغاندىن كېيىنلا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئېھسان قىلىش كېرەك

3ـ ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا ۖ وَإِنْ جَاهَدَاكَ لِتُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا ۚ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن﴾[1].

1ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا ۚ إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي! دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن). ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن﴾[2].

ئايەتتىكى «وَقَضَىٰ» دېگەن سۆز «بۇيرىدى، پەرز قىلدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ھەسەن بەسرىي ۋە قەتادە قاتارلىقلار: «بۇ ھۆكۈم قىلىش مەنىسىدىكى ‹قَضَىٰ (قەزا)› ئەمەس،

[1] «سۈرە ئەنكەبۇت»: 8- ئايەت.

[2] «سۈرە ئىسرا»: 23- ئايەت.

بەلكى بۇيرۇش مەنىسىدىكى «قەزا»دۇر» دېگەن.

ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، نامى ئۇلۇغ ئاللاھ ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ئېھسان قىلىشنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا جۈپلەپ كەلتۈردى، بۇنىڭ سەۋەبى ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتىنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ بەك چوڭ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاتا - ئانا ئول پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشى ۋە گۈزەل ياشىشىنىڭ ئاشكارا سەۋەبچىسىدۇر. ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتكە قىلغان ياخشىلىقى بۇ دەرىجىدە زور بولغانىكەن، پەرزەنتىنىڭمۇ ئاتا - ئانىسىغا مۇشۇنداق ياخشىلىق قىلىشى ئەلۋەتتە پەرز بولىدۇ.

ھەقىقەتەن ئاتا - ئانا ئۆز تەبىئىتى بىلەن پەرزەنتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى ئاسراشتا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا جېنىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ. خۇددى كۆك مايسا ئۈۋۈلۈپ كەتكەن دانلاردىكى پۈتۈن ئوزۇقلۇقنى سۈمۈرگەندەك، چۈجە تۇخۇم شاكىلى ئىچىدىكى پۈتۈن ئوزۇقلۇقنى سۈمۈرگەندەك، پەرزەنتمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقى، ساقلىقى، كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مېھىر - مۇھەببىتىنى سۈمۈرۈپ چوڭ بولىدۇ. ئاندىن ئۇ ئىككىسى ياشانغاندا پەرزەنتلىرىنىڭ سالامەت چوڭ بولغىنىنى كۆرسە، ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمىدۇ.

ئەمما، پەرزەنتلەر بولسا ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرىنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ ۋە پۈتۈن مېھرىنى جۈپتى ۋە بالا - چاقىلىرىغا بېغىشلايدۇ. ھايات مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا قارىتا تەۋسىيەگە موھتاج بولمايدۇ، بەلكى بالىلار ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان ئاتا - ئانىلىرىغا ئادا قىلىدىغان مەسئۇلىيىتىنى ئەسلەش ئۈچۈن ۋىجدانىنى ئويغىتىشقا موھتاج بولىدۇ.

بۇ يەردە ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئاللاھ تەرەپتىن بۇيرۇق

شەكلىدە كەلدى. بۇ بۇيرۇق يالغۇز بىر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى تەكىتلىگەندىن كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ تەكىتلەنگەن بۇيرۇق ئىكەنلىكى روشەن بولىدۇ.

## ئىككىنچى ھەق: ئۇلارنى دۆشكەلىمەسلىك كېرەك

1ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا، وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا، رَّبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمْ ۚ إِن تَكُونُوا صَالِحِينَ فَإِنَّهُ كَانَ لِلْأَوَّابِينَ غَفُورًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي! دېمىگىن (يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن). ئۇلارنى دۆشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن. پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا ـ ئاناڭلارنى قاقشاتقۇچى بولمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1].

بۇ ئايەتتىكى ئاللاھ تائالانىڭ: (ئۇلارغا، ئوھوي! دېمىگىن (يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)) دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرىدە: «ئۇلارغا يامان سۆزنى ئاڭلاتمىغىن، ھەتتا يامان سۆزنىڭ ئەڭ تۆۋىنى بولغان ‹ئۇھ› دېگەن سۆزنىمۇ

[1] «سۈرە ئىسرا»: 25/23- ئايەت.

ئاڭلاتمىغىــن» دېگەنلىكتــۇر دېيىلگــەن.

(ئۇلارنــى دۆشــكەلىمىگىن) نىــڭ تەپســىرىدە: «ســەندىن ئاتــا - ئاناڭغــا قەبىــھ ئىــش - ھەرىكــەت ســادىر بولمىســۇن» دېگەنلىكتــۇر دېيىلگــەن. ھەزرىتــى ئەتــائ «ئاتا - ئاناڭغا قولۇڭنى شىلتىمىغىن» دەپ تەپسىرلەپ، «ئاللاھ تائالا ئاتا-ئانىغا ناچار سۆز - ھەرىكەتلەرنــى قىلىشــتىن توســقانلىقى ئۈچــۈن، ئۇلارغــا چىرايلىــق گــەپ - ســۆز ۋە گــۈزەل ئىشــلارنى قىلىشــقا بۇيــرۇپ: (ئۇلارغــا ھۆرمــەت بىلــەن يۇمشــاق ســۆز قىلغىــن) دېــدى. بــۇ ئۇلارنــى ھۆرمــەت قىلىــپ، ئۇلۇغــلاپ ئــەدەپ بىلــەن ســۆز قىلغىــن، دېگەنلىكتــۇر» دېگــەن.

<u>**ئۈچىنچى ھەق: ئاتا - ئانىغا نەپىقە قىلىش كېرەك**</u>

1- ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى ئاتا - ئانىغا نەپىقە قىلىش بىلــەن باشــلاپ مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنْفِقُونَ قُلْ مَا أَنْفَقْتُمْ مِنْ خَيْرٍ فَلِلْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ وَالْيَتَامَىٰ وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا تَفْعَلُوا مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللَّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ ﴿(ئــى مۇھەممــەد!) ســەندىن (ماللىرىدىــن) قانــداق نەرســىنى ســەرپ قىلىشــا بولىدىغانلىقىنــى سورايدۇ. ئېيتقىنكــى، «مــال - مۈلكلەردىــن نېمىنــى ســەرپ قىلســاڭلار، ئۇنــى ئاتــا - ئاناڭلارغــا، خىــش - ئەقرىبالىرىڭلارغــا، مىســكىنلەرگە ۋە ئىبنــى ســەبىللەرگە ســەرپ قىلســاڭلار بولىــدۇ. ياخشــىلىقتىن نېمىنــى قىلمــاڭلار، ئاللاھ ئۇنــى بىلىــپ تۇرىــدۇ﴾[1].

ئىبنــى مۇنزىــر رەھىمەھۇلــلاھ: «ئەھلــى ئىلىملــەر: ‹ھېچقانــداق ھۈنــەر - كەســپى ۋە پــۇل - مېلــى بولمىغــان پېقىــر ئاتــا - ئانىغــا نەپىقە قىلىش پەرزەنتىنىــڭ ئۈستىدە ۋاجىپتــۇر. بەلكــى، ھېچبىــر كىرىــم مەنبەسى بولمىغان ئاتا - ئانىغا نەپىقە قىلىش ئەڭ چوڭ ئېھسانىنىڭ جۈملىســىدىندۇر› دېگــەن قاراشــقا بىرلىككــە كەلگەنــدۇر» دېگــەن.

---

[1] «سۈرە بەقەرە»: 215- ئايەت.

## تۆتىنچى ھەق: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش

ئىسلام دىنى جىھاد پەرز ئەيىن بولمىغان ھالەتتە ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن پەزىلەتلىك قىلدى، ئەمما جىھاد پەرز ئەيىن بولغان ۋاقىتتا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىدىن رۇخسەت ئېلىش كېرەك بولمايدۇ. بۇ ھەقتە نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن.

1- ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، جىھادقا چىقىش توغرىسىدا رۇخسەت سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە:

— ئاتا-ئاناڭ ھاياتمۇ؟ — دېدى. ئۇ كىشى:

— ھايات، — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا تىرىشچانلىق قىلغىن، — دېدى»[1].

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە: «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بەزى ۋاقىتتا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئەۋزەل بولىدۇ» دېگەن.

2- ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مەن ئاللاھتىن ئەجىر تەلەپ قىلىپ ھىجرەت ۋە جىھاد ئۈچۈن سىلىگە بەيئەت قىلغىلى كەلدىم، — دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] «بۇخارىي» (3004) ۋە «مۇسلىم» (2549).

ئاتا - ئاناڭدىن بىرەرسى ھاياتمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— ھەئە، بەلكى ئىككىلىسى ھايات، — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئاللاھتىن ئەجىر تەلەپ قىلامسەن؟ — دېگەندى، ئۇ كىشى:

— ھەئە، — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنداقتا ئاتا - ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلارغا ياخشى ھەمراھ بولغىن، — دېدى»[1].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتىنىڭ نەقەدەر كاتتا ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ پەرز كۇپايە بولغان جىھادتىن بەكرەك تەكىتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ»[2].

## بەشىنچى ھەق: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى نەپلە ناماز ۋە باشقا نەپلە ئىبادەتلەردىن ئىلگىرى قىلىش

بۇنىڭ ھەدىستىن بولغان دەلىلى: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىدىن باشقا ھېچكىم بوۋاقلىقىدا گەپ قىلمىغان. ئۇلارنىڭ بىرى، مەريەم ئوغلى ئىيسا (ئەلەيھىسسالام)؛ يەنە بىرى، جۇرەيجگە تۆھمەت قىلىنغان بوۋاق. ئەسلىدە جۇرەيج بەكمۇ ئىبادەتگۈي كىشى ئىدى ۋە ئۆزى ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا بىنا قىلغان بولۇپ، (شۇنىڭ ئىچىدە ياشايتتى). ئۇ نەپلە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى ئۇنى يوقلاپ كېلىپ:

— ئەي جۇرەيج! — دەپ چاقىردى. ئۇ كىشى نامازدا تۇرۇپ كۆڭلىدە:

---

[1] «مۇسلىم» (2549).

[2] نەۋەۋىي: «شەرھۇ مۇسلىم» (16/320).

— ئەي رەببىم! ئانامغا جاۋاپ بېرەيمۇ، نامىزىمنى داۋاملاشتۇرايمۇ؟
— دەپ نامازنى داۋاملاشتۇردى. ئانىسى قايتىپ كېتىپ، ئەتىسى ئوغلى ناماز ئوقۇۋاتقاندا كېلىپ:

— ئەي جۇرەيج! — دەپ چاقىردى. ئۇ كىشى نامازدا تۇرۇپ كۆڭلىدە:

— ئەي رەببىم! ئانامغا جاۋاپ بېرەيمۇ، نامىزىمنى داۋاملاشتۇرايمۇ؟
— دەپ نامازنى داۋاملاشتۇردى. ئانىسى قايتىپ كېتىپ، ئۈچىنچى كۈنى يەنە ئوغلى ناماز ئوقۇۋاتقاندا كېلىپ:

— ئەي جۇرەيج! — دەپ چاقىردى. ئۇ كىشى نامازدا تۇرۇپ كۆڭلىدە:

— ئەي رەببىم! ئانامغا جاۋاپ بېرەيمۇ، نامىزىمنى داۋاملاشتۇرايمۇ؟
— دەپ نامازنى داۋاملاشتۇردى. ئانىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەي ئاللاھ! ئۇنى پاھىشە ئايالنىڭ يۈزىگە باقمىغۇچە ۋاپات تاپتۇرمىغىن، — دەپ بەددۇئا قىلىپ قايتىپ كەتتى. ئىسرائىل ئەۋلادلىرى جۇرەيجنى ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنى ئەسلەشتى، ئۇلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ھۆسنى جامالى بىلەن ھەممىنى جەلپ قىلىدىغان بىر پاھىشە ئايال بولۇپ، ئۇ:

— ئەگەر سىلەر خاھلىساڭلار مەن جۇرەيجنى ئازدۇرىمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال جۇرەيجنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقان سائىمىسىغا بېرىپ نايناقشىپ باقتى، ئەمما جۇرەيج ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ پاھىشە ئايال شۇ ئەتراپتا پادا بېقىۋاتقان بىر پادىچىنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىپ ھامىلدار بولدى، ئۇ ئايال زىنادىن بولغان بالىنى تۇغقاندىن كېيىن بۇ جۇرەيجدىن بولغان بالا دەپ ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقان سائىمىسىغا بېرىپ، ئۇنى تارتىپ چىقىپ ئۇرۇپ، سائىمىسىنى بۇزۇۋەتتى. جۇرەيج:

— مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇرىسىلەر؟ — دېگەندە، ئۇلار:

— سەن بۇ پاھىشە ئايال بىلەن زىنا قىلىپسەن! ئۇ سەندىن بالا تۇغۇپتۇ، — دېيىشتى. جۇرەيج:

— ئۇ بالا نەدە؟ — دېگەندى، ئۇلار بوۋاقنى ئېلىپ كەلدى. جۇرەيج:

— مېنى بىرئاز بوش قويۇڭلار، ناماز ئوقۇۋالاي، — دېدى.

جۇرەيج نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بوۋاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا نوقۇپ تۇرۇپ:

— ئەي بالا! ئاتاڭ كىم؟ — دېگەندى، ئۇ بوۋاق:

— پالانى پادىچى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى جۇرەيجنىڭ باش -كۆزلىرىگە سۆيۈپ، كەچۈرۈم سوراپ:

— ساڭا ئىبادەت قىلىدىغانغا ئالتۇندىن بىر ساتما ياساپ بېرەيلى، — دېدى. لېكىن، جۇرەيج:

— ماڭا ئەسلىدىكى ساتامنى قايتىدىن لايدىن ياساپ بېرىڭلار، — دېدى»[1].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «جۇرەيج (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) نىڭ ۋەقەلىكىدە، ئۇ ئانىسىنىڭ چاقىرىقىغا جاۋاپ بېرىشتىن نەپلە نامازنى ئارتۇق بىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئانىسى ئۇنىڭغا بەددۇئا قىلدى. ئاللاھ ئۇ ئانىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئەسلىدە ئۇ ئانىسىنىڭ چاقىرىقىغا جاۋاپ بەرسە توغرا بولاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئادا قىلىۋاتقىنى نەپلە ناماز بولغاچقا ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ۋاجىپ ئەمەس، ئەمما ئانىسىنىڭ چاقىرىقىغا ئىجابەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ۋاجىپتۇر، ئۇنى قاقشىتىش ھارامدۇر. ئەسلىدە

[1] «مۇسلىم» (2550). بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سىلە - رەھىمنى ئۇلاش» بابىدا كەلتۈرگەن.

ئۇ نامىزنى يەڭگىل ئادا قىلىپ، ئانىسىغا جاۋاپ بېرىۋېتىپ يەنە نامىزنى داۋاملاشتۇرسىمۇ بولاتتى، لېكىن ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئىبادەت قىلىۋاتقان ساتىمدىن ئېلىپ كېتىشىدىن، شۇنىڭ بىلەن يەنە دۇنيا ئىشلىرىغا قايتىپ، ئىبادەتكە بولغان قىزغىنلىقى سۇسلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى»[1].

## ئالتىنچى ھەق: ئاتا - ئانا گەرچە پەرزەنتىگە زۇلۇم قىلسىمۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش كېرەك

ئىمام بۇخارىي «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق ئەسىرىدە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئاتا - ئانىسى ھايات بولسا، ئەتىگەندە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتىن ئىككى ئىشىك ئاچىدۇ، ئەگەر بىرى ھايات بولسا بىر ئىشىك ئاچىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىسىنى ئاچچىقلاندۇرسا، ئۇلار رازى بولغۇچە ئىشىك ئېچىلمايدۇ — دېگەندى، ساھابىلەر:

— ئەگەر ئاتا - ئانىسى زۇلۇم قىلغان بولسىچۇ؟ — دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئەگەر زۇلۇم قىلغان بولسىمۇ شۇنداق، — دېدى»[2].

[1] نەۋەۋىي: «شەرھۇ مۇسلىم» (16/320).

[2] «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» (7). ئالبانىي: «زەئىپ» دېگەن.

# ئاتا - ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

ھەقىقەتەن ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش دېگەن پەقەت ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا قىلىدىغان ياخشىلىق داۋاملىشىدۇ، ئاتا - ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلالمىغان كىشى ئۈچۈن ئىلگىرى يوقىتىپ قويغان ئەجىر -ساۋابىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاشقا پۇرسەت بار، تۆۋەندە ئاتا - ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ يوللىرى بايان قىلىنىدۇ.

### بىرىنچى: ئۇلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك قەرزى بولسا ئۇنى ئادا قىلىش

1- جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئاتام ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ قەرزى ماڭا قالدى، قەرز ئىگىلىرىگە:

— باغنىڭ خورمىسىنى ئېلىڭلار، — دېسەم، ئۇلار:

— خورمىلار قەرزگە يەتمەيدىكەن، — دەپ، ئاز كۆرۈپ، ئالغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— خورمىلارنى ئۈزۈپ، خامانغا دۆۋىلىگەندىن كېيىن، ماڭا خەۋەر قىلغىن، — دېدى. مەن خورمىنى ئۈزۈپ بولۇپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ئېلىپ كەلدى ۋە خورمىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن:

— قەرز ئىگىلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا خورمىلاردىن تارتىپ بەرگىن، — دېدى. مەن شۇ خورمىلاردىن ئاتامدا قەرزىم بار دېگەن ھېچبىر

كىشىنى چالا قويماي ھەممىسىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلدىم»[1].

2- ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئاتام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەمەل ئۇرۇشى بولغان كۈنى مېنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم! مەن ئۆزۈمنىڭ بۈگۈن زۇلۇم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىمنى تۇيۇۋاتىمەن، مېنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىم - ئەندىشەم ئۈستۈمتىكى قەرزدۇر، قاراپ باق مال - مۈلكىمىز قەرزگە يېتەرمۇ؟ — دېدى. ئاندىن:

— مال - مۈلكىمىزنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ مېنىڭ قەرزىمنى ئادا قىلغىن، — دېدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قەرزى توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم! ئەگەر سەن قەرز ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلسەڭ، مېنىڭ ئىگەمدىن ياردەم سورىغىن، — دېدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن ئاتامنىڭ بۇ سۆزدىن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلمەي:

— ئى ئاتا! سىزنىڭ ئىگىڭىز كىم؟ — دەپ سورىسام، ئاتام:

— ئاللاھ، — دەپ جاۋاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ مەن ھەرقاچان قەرز تۆلەش جەريانىدا بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقسام:

— ئەي زۇبەيرنىڭ ئىگىسى! ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بەرسىلە، — دەيتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بېرەتتى. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەمەل ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۆلتۈرۈلدى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئاتىسىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندا، زۇبەيرنىڭ باشقا بالىلىرى:

— بىزنىڭ مىراسىمىزنى تەقسىم قىلىپ بەرسىڭىز، — دېيىشتى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۇلارغا:

— ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى! مەن تۆت يىل ھەج مەۋسۇمىدا «كىمنىڭ زۇبەيردە ھەققى بولسا، كېلىپ ھەققىنى ئېلىۋالسۇن!» دەپ ئېلان قىلىمەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن سىلەرگە مىراسنى

[1] «بۇخارىي» (2395).

تەقسىم قىلمايمەن، — دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدا كىشىلەر ئارىسىدا شۇ بويىچە ئېلان قىلدى، تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ مىراسىنى تەقسىم قىلىپ بەردى»[1].

## ئىككىنچى: ئۆلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىش

1- ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئەمەلىدىن باشقا بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ: باشقىلارغا مەنپەئەتى يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە، باشقىلارغا مەنپەئەتى بولىدىغان ئىلىم ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان ياخشى پەرزەنت»[2].

2- ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ كىشى:

— ئەي رەببىم! بۇ نېمە ئۈچۈن بولدى؟ — دەيدۇ.

— پەرزەنتىڭ سېنىڭ ھەققىڭدە ئىستىغپار ئېيتتى، — دېيىلىدۇ»[3].

3- مۇھەممەد ئىبنى سىرىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىر كېچىسى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ مۇنداق دۇئا قىلدى: ‹ئەي ئاللاھ! ئەبۇ ھۇرەيرەنى، ئۇنىڭ ئانىسىنى ۋە ئۇ ئىككەيلەن ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتقانلارنى مەغپىرەت قىلغىن›. مۇھەممەد ئىبنى سىرىن ماڭا: ‹بىزمۇ ئۇ ئىككىيلەن ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىپ ئۇنىڭ ياخشى دۇئاسىدىن بەھرىمەن بولايلى› دېدى»[4].

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرزەنت ئاتا - ئانىسىغا دۇئا قىلىشتا بېخىللىق قىلماسلىقى ۋە ئۇلار ئۈچۈن دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنى تاللاپ دۇئا قىلىشى كېرەك.

---

[1] «بۇخارىي» (3129).

[2] «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» (26). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[3] «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» (36). ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

[4] «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» (37). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

## ئۈچىنچى: ئۆلارنىڭ تاپشۇرغان ۋەسىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىش

## تۆتىنچى: ئۆلارنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىش

1- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى:
— ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مېنىڭ ئاپام ۋاپات بولۇپ كەتتى، بىرەر ئىش توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلمىدى، ئۇنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟
— دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
— ھەئە بولىدۇ، — دېدى»[1].

ئىلگىرى بايان قىلىنغان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان: «ئىنسان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئەمەلىدىن باشقا بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ: باشقىلارغا مەنپەئەتى يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە، باشقىلارغا مەنپەئەتى بولىدىغان ئىلىم ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان ياخشى پەرزەنت» دېگەن ھەدىسمۇ ئۇشبۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ.

2- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئانامنىڭ ئاۋازى تۇتۇلۇپ قالدى، مېنىڭچە ئەگەر سۆزلىگەن بولسا، سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇيتتى، ئۇنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟ — دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەئە، ئۇنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلغىن، — دېدى»[2].

3- سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر قېتىم بۇ ساھابە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە غازاتقا چىقتى، مەدىنىدە ئۇنىڭ ئانىسى سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئايالغا:

— ۋەسىيەت قىلسلا، — دېيىلگەنىدى، ئۇ ئايال:

---

[1] «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» (39). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[2] «بۇخارىي» (1388).

— نېمىگە ۋەسىيەت قىلىمەن، مال - دۇنيا سەئدنىڭ تۇرسا، — دېدى. شۇنداق قىلىپ سەئد مەدىنەگە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتتى. سەئد قايتىپ كەلگەندە، ئانىسىنىڭ دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭغا دېيىلىۋېدى، ئۇ:

— ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن ئانام ھەققىدە سەدىقە قىلسام، ئۇنىڭغا پايدىسى يېتەمدۇ؟ — دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەئە پايدىسى يېتىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەئد:

— مەن سىلىنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، مۇشۇ مېۋىلىك باغنى ئانامنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىۋەتتىم، — دېدى»[1].

4- سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن:

— ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئانام ۋاپات بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟ — دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەئە بولىدۇ، — دېدى. مەن:

— قايسى تۈردىكى سەدىقە ئەڭ ياخشى؟ — دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئىچىدىغان سۇ، — دېدى»[2].

(بۇ ھەدىس باشقىلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ھەققىدە كۆل، قۇدۇق، بۇلاق ۋە ئۆستەڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئورۇنلارنى قىلىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ).

## بەشىنچى: ئۆلەرنىڭ قىلغان نەزرىنى ئورۇنداش

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «سەئد

[1] «بۇخارىي» (2756).

[2] «نەسائىي» (3664). ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پەتۋا سوراپ:

— ئاپام بىر ئىشنى قىلىمەن دەپ ئۆزىگە نەزىر قىلىپ، ئۇنى ئادا قىلالماي ۋاپات بولۇپ كەتتى؟ — دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنىڭ نامىدىن سەن ئادا قىلغىن، — دېدى»[1].

## ئالتىنچى: ئۆلارنىڭ تۇتالماي قالغان روزىسىنى ئادا قىلىش

1- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئادا قىلىدىغان روزىسىنى ئادا قىلالماي ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋەلىيلىرى روزا تۇتسۇن»[2].

2- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئاپام ۋاپات بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئادا قىلالماي قالغان بىر ئايلىق روزىسى بار ئىدى، ئۇنى مەن ئادا قىلىۋەتسەم بولامدۇ؟ — دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەئە، ئادا قىلىۋەتكىن، ئاللاھنىڭ قەرزى ئادا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر، — دېدى»[3].

## يەتتىنچى: ئۆلار ئۈچۈن ھەج قىلىش

1- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، جۇھەينە قەبىلىسىلىك بىر ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

---

[1] «بۇخارىي» (2761).

[2] «بۇخارىي» (1952).

[3] «بۇخارىي» (1953).

— ئانام ھەج قىلمەن دەپ نەزر قىلىپ، ھەج قىلالماي ۋاپات بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەج قىلسام بولامدۇ؟ — دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەج قىلىڭ، ئەگەر ئانىڭىزنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قەرزى بولغان بولسا، ئۇنى ئادا قىلامتىڭىز؟!. ئاللاھنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىڭلار، چۈنكى ئاللاھ (ئاللاھنىڭ ھەققى) ۋاپا قىلىشقا ئەڭ لايىق زاتتۇر، — دېدى»[1].

2- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ۋىدالىشىش ھەجى بولغان يىلى، خەسئەم قەبىلىسىلىك بىر ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەجنى پەرز قىلغاندا ئاتام ئۇلاغدا ئولتۇرۇشقا قادىر بولالمايغان ھالەتتە بەك ياشىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھەج قىلىپ قويسام بولامدۇ؟ — دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەئە، بولىدۇ، — دېدى»[2].

## سەككىزىنچى: ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش، يوقلاش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن رەببىمدىن ئانام ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىشقا رۇخسەت سورىغان ئىدىم، رەببىم ماڭا رۇخسەت قىلمىدى. ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت سورىغان ئىدىم، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى»[3].

[1] «بۇخارىي» (1852).

[2] «بۇخارىي» (6228).

[3] «مۇسلىم» (976).

## توققۇزىنچى: ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى يوقلاش

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىنسان ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشتۇر»[1].

بۇ ھەدىس ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ياخشىلىق يوللىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكى، ياخشىلىق قىلىش يالغۇز ئاتا - ئانىغىلا خاس بولمايدىغانلىقى، بەلكى ئۇلارنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىسىڭىز، ئاتا - ئانىڭىزغا ياخشىلىق قىلغان بولىسىز. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ساۋابنى يەتكۈزىدۇ. بەندىلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىن ياخشى ئىشلارنى قىلالىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ياخشى ئەمەللەرنىڭ يوللىرىنى كۆپ قىلىپ بەرگەنلىكى نامى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

[1] «مۇسلىم» (2552).

## ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئۈلگىلىك مىساللىرىدىن

**1- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كىشىگە:**

**— دوزاخقا كىرىشتىن قورقۇمسەن، جەننەتكە كىرىشنى ياقتۇرامسەن؟**

**— دېگەنىدى، ئۇ كىشى:**

**— ھەئە، — دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:**

**— ئاناڭغا ياخشىلىق قىلغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئۇنىڭغا مۇلايىم بولۇپ، چىرايلىق سۆز قىلساڭ، يېمەكلىرىنى تەييار قىلىپ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالساڭ، چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق بولساڭ، ئەلۋەتتە جەننەتكە كىرىسەن، — دېدى[1].**

**2- مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر رەھىمەھۇللاھ مەڭزىنى زېمىنغا قويۇپ ئانىسىغا: «ئەي ئانا! مېنىڭ مەڭزىمگە دەسسىسىلە» دەيتتى[2].**

**3- مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كېچىسى قېرىندىشىم ئۆمەر ئىبنى مۇنكەدىر تەھەججۇد نامىزى ئوقۇدى، مەن ئانامنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئولتۇردۇم، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ مېنىڭ ئەمەلىمنىڭ ئورنىدا بولۇشنى ياقتۇرمىدىم (يەنى قېرىندىشىمغا ئوخشاش كېچىدە ناماز ئوقۇغاندىن ئانامنىڭ پۇتىنى تۇتۇشنى ياخشى كۆردۇم)[3].**

**4- مۇھەممەد ئىبنى سىرىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە، بىر تۈپ خورمىنىڭ باھاسى مىڭ دىرھەمگە چىقتى، ئۇسامە بىر تۈپ خورمىسىنى كېسىپ ئۇنىڭ شىرنىسىنى چىقىرىپ ئانىسىغا يېدۈردى، كىشىلەر ئۇنىڭغا:**

**— نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟ خورمىنىڭ بىر تۈپى مىڭ**

[1] ئىبنى رەجەب ھەنبەلىينىڭ: «جامىئۇلئۇلۇم ۋەلھىكەم» (1/170).

[2] ئىمام زەھەبىينىڭ: «نۇزھەتۇل فۇزەلائ» (2/806).

[3] ئىمام زەھەبىينىڭ: «نۇزھەتۇل فۇزەلائ» (2/609).

دىرھەمگــە چىققــان تۇرســا! ــ دېيىشــكەندى، ئــۇ:

ــ ئانــام خورمىنىــڭ شىرنىســىنى تەلــەپ قىلــدى، ئــۇ مەندىــن مــەن قادىــر بولالايدىغــان نەرســىنى سورىســىلا، ئۇنــى بېرىمــەن، ــ دېــدى»[1].

5- ئەبــۇ بــۇردە ئېيتىدۇكــى، مــەن ئاتامنىــڭ مۇنــداق دېگەنلىكىنــى ئاڭلىغانىدىــم: «ئاتــام ئىبنــى ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا بىلــەن بىرگــە ئىكــەن، يەمەندىــن كەلگــەن بىــر كىشــى ئانىســىنى يۈدۈپ كەئبىنــى تاۋاپ قىلىۋېتىپ:

مەن ئانامنىڭ يۇۋاش تۆگىسىدۇرمەن،

گەر تۆگە چۆچۈتسىمۇ مىنگۈچىنى،

مەن ئۇنداق قىلمايمەن.

دەپ بولۇپ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ــ ئــەي ئىبنــى ئۆمــەر! مېنــى ئانامنىــڭ ھەققىنــى ئــادا قىلــدى دەپ قارامســەن؟ ــ دېگەنــدە، ئىبنــى ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا:

ــ يــاق، ســەن ئۇنىــڭ تىرناقچىلىــك ھەققىنىمــۇ ئــادا قىلالمىدىــڭ، ــ دېــدى. ئاندىــن ئىبنــى ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا تــاۋاپ قىلىــپ مەقامى ئىبراھىمغــا كېلىــپ، ئىككــى رەكئــەت نامــاز ئوقــۇدى، ئاندىــن:

ــ ئــەي ئەبــۇ مۇســانىڭ ئوغلــى! ھەر ئىككــى رەكئەت نامــاز ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى خاتالىقلارغا كەففارەت بولىــدۇ، ــ دېدى»[2].

6- ئەبــۇ تالىبنىــڭ قىــزى ئۇممــۇ ھانىئنىــڭ ئــازاد قىلىۋەتكــەن قۇلــى ئەبــۇ مــۇررە ئەبــۇ ھازىمغــا مۇنــداق خــەۋەر بەرگــەن: «ئــۇ كىشــى ئەبــۇ ھۇرەيــرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ بىلــەن بىرلىكتــە ئۇلاغقــا مىنىــپ، ئەبــۇ ھۇرەيرەنىــڭ ئەقىقتىكــى زېمىنىغــا چىقىپتــۇ، ئەبــۇ ھۇرەيــرە زېمىنىغــا كىرىــش بىلەنــلا يۇقىــرى ئــاۋازدا: ‹ئــەي ئانــا! سىــلىگە ئاللاھنىڭ ســالامى،

---

[1] شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللەتىفنىڭ «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» 29 - بەت.

[2] «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» (11). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن، مېنى كىچىكىمدىن باشلاپ تەربىيە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ سىلىگە رەھمەت قىلسۇن› دەپتۇ، ئانىسى ئۇنىڭغا جاۋابەن: ‹ئەي ئوغلۇم! ساڭىمۇ شۇنداق بولسۇن، مەن ياشىنىپ قالغاندا ماڭا ياخشىلىق قىلغىنىڭدەك، ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن ۋە ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلسۇن› دەپتۇ»[1].

7- ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەييياش مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەنسۇر بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئانىسى ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ: ‹ئەي مەنسۇر! ئىبنى ھۇبەيرە سېنى قازى بولسۇن دەيدۇ› دېگەندى، مەنسۇر ئۈنىمىدى. ئۇ ئانىسىنى ھۆرمەت قىلغانلىقتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى، ھەرگىز ئانىسىغا تىكىلىپ قارىمايتتى»[2].

8- ھەيۋە ئىبنى شۇرەيھ مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ سورۇن تۈزۈپ كىشىلەرگە دەرس ئۆگىتىۋاتاتتى. (تۇيۇقسىز) ئانىسى سىرتتا تۇرۇپ ۋارقىراپ: ‹ئەي ھەيۋە! ئورنىڭدىن تۇر، توخۇلارغا دان چېچىپ بەر› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرسنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ توخۇلارغا دان سېلىپ بەردى»[3].

9- ئىبنى ئەۋندىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئانىسى ئۇنى چاقىرغاندا، ئانىسىغا جاۋاپ بېرىپ، ئاۋازى ئانىسىنىڭ ئاۋازىدىن ئۈنلۈكرەك چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىككى قۇلنى ئازاد قىلىۋەتكەنىكەن[4].

10- بەسرەلىك ھەسەننىڭ ئوغلى تەمىمي بىر چايانىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، چايان ئۇۋۇسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ دەرھال قولىنى چايانىنىڭ ئۇۋۇسىغا تىققانىدى، چايان ئۇنى چېقىۋالدى. ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلغانلىقى سورالغاندا، ئۇ: «چايان قايتىپ چىقىپ ئانامنى

[1] «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» (12). ئالبانىي: «زەئىپ» دېگەن.

[2] ئىبنى جەۋزىي: «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سىلە - رەھىم قىلىش» 89- بەت.

[3] ئىبنى جەۋزىي: «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سىلە - رەھىم قىلىش» 89- بەت.

[4] ئىمام زەھەبىينىڭ: «نۇزھەتۇل فۇزەلائ» (2/656).

چېقىۋېلىشىدىن ئەنسىرىدىم» دېدى[1].

11- مەرۋەزىيلىك جەئفەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مەن بۇندارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دېگەن: «مەن ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقماقچى بولغانىدىم، ئانام ئۇنىمىدى. مەن ئانامغا ئىتائەت قىلىپ سەپەرگە چىقمىدىم، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئىلمىمگە بەرىكەت بېرىلدى»[2].

12- مەئمۇن مۇنداق دەيدۇ: «يەھيانىڭ ئوغلى فەزلدىنمۇ بەكرەك ئاتىسىغا ياخشىلىق قىلىدىغان بىرسىنى كۆرمىدىم، يەھيا پەقەت ئىسسىق سۇدا تاھارەت ئالاتتى، ئاتا - بالا ئىككەيلەن تۈرمىدە بولۇپ، گۇندىپاي سوغۇق كېچىلەردە تۈرمىگە ئوتۇن ئەكىرگىلى قويمايتتى. يەھيا ئۇخلاپ بولغاندا، ئوغلى فەزل ئىۋرىققا سۇ تولدۇرۇپ، ئۇنى تاڭ يورىغۇچە چىراققا يېقىن تۇتۇپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن سۇ ئىسسىق بولاتتى».

مەئمۇندىن باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: «گۇندىپاي فەزلنىڭ سۇنى چىراققا يېقىن ئەكىلىپ ئىسسىتقانلىقىنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن، كېچىدە چىراق يېقىشنى چەكلىدى، شۇنىڭ بىلەن فەزل ئىۋرىققا سۇنى تولدۇرۇپ ئۇنى يوتقىنىنىڭ ئىچىگە سېلىپ مەيدىسىگە يېقىپ ياتاتتى، شۇنداق قىلىپ تاڭ يورىغۇچە سۇ ئىللىيتتى»[3].

13- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇززىناد ئاتىسىغا بەك ياخشىلىق قىلاتتى، ئاتىسى: «ئەي مۇھەممەد!» دەپ چاقىرسا، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ: «خوش!» دەپ جاۋاپ بېرەتتى، ئاندىن ئاتىسى ئۇنى ھاجىتىگە بۇيرۇيتتى ياكى ئۇ كىشى ئاتىسىدىن ئەيمىنىپ تىك تۇرماستىن قول باغلاپ ئېگىلىپ

---

[1] ئىمام زەھەبىينىڭ: «نۇزھەتۇل فۇزەلائ» (2/653).

[2] ئىمام زەھەبىينىڭ: «نۇزھەتۇل فۇزەلائ» (3/989).

[3] ئىبنى جەۋزىي: «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سىلە - رەھىم قىلىش» 90- بەت.

تـۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ ھاجىتىنى سوراپ ئـادا قىلاتتى[1].

14- ئەنـەس ئىبنـى مـەزەر ئەشـجەئىي مۇنـداق دەيـدۇ: «ئىبنـى مەسئۇدنىڭ ئانىسى بـەزى كېچىلـىرى ئۇنىڭدىـن سۇ تەلـەپ قىلاتتى، بىر كېچىسى ئـۇ سۇنى ئېلىپ كەلسە ئانىسى ئۇخلاپ قالغـان بولـۇپ، تـاڭ يـورۇپ ئانىسى ئويغانغۇچە سۇنى ئۇنـىڭ بېشىدا تۇتـۇپ تۇرغـان»[2].

15- زەينـۇل ئابىدىـن ئانىسـىغا بـەك ياخشـىلىق قىلاتتى، ھەتتـا ئـۇ كىشـىگە:

— سـىلى ئىنسـانلار ئارىسـىدا ئانىسـىغا بـەك ياخشـىلىق قىلىدىغـان كىشى، بىـز سـىلىنى ئانىلـىرى بىلـەن بىـر تەخسـىدە تامـاق يېگەنلىرنـى كۆرمـىدۇق؟ — دېيىلگەنـدە، ئـۇ كىشـى:

— مـەن ئانامنىـڭ كـۆزى چۈشـكەن تاماقنى بىلمـەي ئېلىپ يەپ سېلىپ ئۇنى قاقشاتقانلارنىڭ جۈملىسـىدىن بولـۇپ قالمـاي دەپ شۇنداق قىلدىم، — دېگـەن.

<u>ئۆۋەيس ئەلقەرنىي ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا قىلغان ياخشىلىقى توغرىسىدا:</u>

16- رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگـەن: «ھەقىقەتـەن ئۆۋەيـس ئەلقەرنـي تابىئىنلارنـىڭ ئـەڭ ياخشىسـى، ئـۇ كىشى ئانىسـىغا بـەك ياخشـىلىق قىلـىدۇ. ئەگـەر ئـۇ كىشـى ئاللاھقـا قەسـەم قىلسـا، ئەلۋەتتـە قەسـىمنى ئورۇندايـدۇ. ئۇنـىڭ بەدىنىـدە كىچىك ئـاق بـار، (ئۇچراشساڭلار) ئـۇ كىشـىدىن ئۆزۈڭلارغـا ئىستىغپار ئېيتىـپ قويۇشـنى سـوراڭلار»[3].

17- يەھيـا ئىبنـى ئەبـى كەسـىر مۇنـداق دېگـەن: «ئەبـۇ مۇسـا ئەلئەشئەرىي ۋە ئەبـۇ ئامىـر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا ئىككىيلـەن رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ يېنىغـا كېلىـپ، بەيئـەت قىلىـپ

[1] ئىبنى جەۋزىي: «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سىلە - رەھىم قىلىش» 88- بەت.

[2] شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللەتىفنىڭ «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» 30 - بەت.

[3] «مۇسلىم» (2542).

**مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى پالانى ئايال نېمە ئىش قىلدى؟ — دەپ سورىغاندى، ئۇلار:**

**— ئۇ ئايال ئۆز ئەھلىدە قالدى، — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— ئۇ ئايالنىڭ پۈتۈن خاتالىقلىرى ئەپۇ قىلىندى، — دېگەندى، ئۇلار:**

**— ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! نېمە سەۋەپتىن شۇنداق بولدى؟ — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— ئۇ ئايال ئانىسىغا بەك ياخشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېدى:**

**— ئۇ ئايالنىڭ بەك ياشىنىپ قالغان ئانىسى بار ئىدى، يۇرتتىكى ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بىرسى كېلىپ: ‹دۈشمەن سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى› دېگەندى، ئۇ ئايال ئانىسىنى يۈدۈپ ماڭدى، ھېرىپ قالغاندا ئانىسىنى يەرگە قويۇپ، قورسىقىنى ئانىسىغا يېقىن قىلدى ۋە تاشنىڭ ئىسسىقىدىن پۇتىنى ئانىسىنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدا قويدى، تاكى ئۇلار قۇتۇلغۇچە (مۇشۇنداق قىلدى)»[1].**

[1] «شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللەتىفنىڭ «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» 34 - بەت.

# ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ مېۋىلىرى

## بىرىنچى: ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولۇپ، جەننەتكە كىرگىلى بولىدىغانلىقى

ئاللاھ تائالا ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى بىر كىشىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئەۋزەل تائەت - ئىبادەتلەردىن قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿حَتَّىٰ إِذَا بَلَغَ أَشُدَّهُ وَبَلَغَ أَرْبَعِينَ سَنَةً قَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَىٰ وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِي ۖ إِنِّي تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنَ الْمُسْلِمِينَ، أُولَٰئِكَ الَّذِينَ نَتَقَبَّلُ عَنْهُمْ أَحْسَنَ مَا عَمِلُوا وَنَتَجَاوَزُ عَنْ سَيِّئَاتِهِمْ فِي أَصْحَابِ الْجَنَّةِ ۖ وَعْدَ الصِّدْقِ الَّذِي كَانُوا يُوعَدُونَ﴾ ﴿تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، 40 ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): «پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا بەرگەن نېمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەردىن قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن» دەيدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز، ئۇلار (ئاللاھ يامان ئىشلىرىنى كەچۈرگەنلەر بىلەن) جەننەتتە بولىدۇ، (بۇ) ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر﴾[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— خار بولدى، زىيان تارتتى؛ خار بولدى، زىيان تارتتى؛ خار بولدى، زىيان تارتتى، — دەپ ئۈچ قېتىم دېگەندە، ساھابىلەر:

— ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! كىم ئۇ؟ — دېيىشتىلەر، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] «سۈرە ئەھقاف»: 16/15- ئايەت.

— ئاتا - ئانىسىنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى ياشىنىپ قىلىپ، (ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماي، قاقشىتىپ) جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشى، — دېدى[1].

## ئىككىنچى: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ

1- ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ‹كىمنى رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى خۇرسەن قىلسا، سىلە - رەھىم قىلسۇن (ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن)› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېگەن[2].

2- ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ: «ئالىملار: ‹رىزىقنىڭ كەڭرى بولۇشى دېگەن ئۇنىڭدا بەرىكەتنىڭ بولۇشىدۇر، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى دېگەن بەدەنىنىڭ ساق - كۈچلۈك بولۇشىدۇر› دېگەندۇر» دېگەن[3].

## ئۈچىنچى: دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرگە ئۇۋەيس بىن ئامىر دېگەن كىشى يەمەن ئەھلىنىڭ ئەمدادى (ئىسلام ئەسكەرلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياردەمچى قوشۇن) بىلەن بىرگە كېلىدۇ. ئۇ كىشى ‹مۇراد› قەبىلىسىنىڭ ‹قەرن› ئايمىقىدىندۇر. ئۇ كىشىدە ئاق كېسەل بار بولۇپ ساقىيىپ تەڭگىنىڭ ئورنىچىلىك يەر قالغان، ئۇ ئانىسىغا بەك ياخشىلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھقا قەسەم قىلسا، قىلغان قەسىمىنى ئورۇندايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئىستىغپار تەلەپ قىلىشقا قادىر بولالىساڭ، ئىستىغپار تەلەپ قىلغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم[4].

---

[1] «مۇسلىم» (2551).

[2] «بۇخارىي» (2067).

[3] «فەتھۇلبارىي» (4/353).

[4] «مۇسلىم» (2542).

# ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ۋاستىلەر

**<u>بىرىنچى: دۇئا قىلىش</u>**

**ئاللاھ تائالا تەقۋادار بەندىلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن:** ﴿رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَىٰ وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ﴾ **﴿پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن﴾[1].**

**<u>ئىككىنچى: ئاتا - ئانىسى ھايات ۋاقتىتىكى ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى نېمەتلەرنى ئەسلەش</u>**

**<u>ئۈچىنچى: ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلسا، ئېرىشىدىغان ئەجىر - ساۋابنى ئەسلەپ تۇرۇش</u>[2].**

[1] «سۈرە ئەھقاف»: 15- ئايەت.

[2] «شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللەتىفنىڭ «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» 72 - بەت.

## مۇسۇلماننىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بولغان ئەدەبلىرى[1].

**مۇسۇلماننىڭ ئاتا - ئانىسىغا قىلىشقا تېگىشلىك، تەلەپ قىلىنىدىغان ئەدەپ - ئەخلاقلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:**

**1. ئۇلارنى ئىسمى بىلەن چاقىرماي، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان ۋە خۇرسەن بولىدىغان كۇنيەتى بىلەن چاقىرىش كېرەك؛**

**2. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋالماسلىق؛**

**3. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭماسلىق؛**

**4. ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇشچىراي، ئوچۇق - يورۇق بولۇش؛**

**5. ئۇلارغا گۈزەل ئۇسلۇپتا نەسىھەت قىلىش، ئەگەر نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىسا، ئازار بەرمەسلىك كېرەك؛**

**6. ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاچچىقلانماستىن ۋە خاپا بولماستىن جاۋاب قايتۇرۇش؛**

**7. ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن سۆز قىلىش؛**

**8. ئۇلارنىڭ يېمەكلىرىنى ۋاقتىدا بېرىش؛**

**9. كىيىم - كېچەكلىرىنى يېڭىلاپ تۇرۇش؛**

**10. خىزمەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش؛**

**11. ئۇلاردىن بۇرۇن يېمەكلىككە قول ئۇزاتماسلىق؛**

**12. ئۇلارغا ئاللاھتىن رەھمەت، مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىش؛**

**13. ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىغا قارىماسلىق؛**

**14. ئۇلارغا ئاتىكاچىلىق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق؛**

**15. ئۇلارغا گۈزەل شەكىلدە ھەمراھ بولۇش، ئۇلاردىن دۇئا تەلەپ قىلىش.**

---

[1] «شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللەتىفنىڭ «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» 20 - بەت.

## ئاتا - ئانىنى قاقشاتماسلىق توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا ۚ إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا، وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا «ئوھوي» دېمىگىن (يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن). ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن﴾[1].

## ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر

1- مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاتا - ئانىلارنى قاقشىتىشنى، قىزلارنى تىرىك كۆمۈشنى، ۋاپات بولغان كىشىگە ئۆزىنى كاچاتلاپ، ۋارقىراپ يىغلاشنى ھارام قىلدى. دەپتىكەن ۋە دېيىلىپتىكەن دېيىشنى، (ۋەھىي نازىل بولۇۋاتقاندا) كۆپ سوئال سوراشنى ۋە مالنى ئۆز

[1] «سۈرە ئىسرا»: 24/23- ئايەت.

يولــدا ســەرپ قىلماســتىن زايــە قىلىۋېتىشــنى يامــان كــۆردى»[1].

2- ئەبــۇ بەكــرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ئېيتىدۇكــى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەم:

— دىققــەت قىلىــڭلار! ســىلەرگە چــوڭ گۇناھلارنىــڭ ئەڭ چوڭىــدىن خەۋەر بېرەيمــۇ؟ — دەپ ئــۈچ قېتىــم دېگەنىــدى، بىــز:

— ئەلۋەتتــە، ئــەي ئاللاھنىــڭ ئەلچىســى! خــەۋەر بەرســىلە، — دېــدۇق. رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەم:

— ئاللاھقــا شــېرىك كەلتــۈرۈش، ئاتــا - ئانىنــى قاقشــىتىش، — دېدى، ئــۇ زات (بــۇ چاغــدا) يۆلىنــىپ ئولتۇرغان ئىدى، تــۈز ئولتۇرۇپ:

— دىققــەت قىلىــڭلار! يالغــان ســۆزلەش ۋە يالغــان گۇۋاھلىــق بېرىــش، — دەپ بــۇ ســۆزنى تەكــرارلاۋەردى. بىــز:

— كاشكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم توختىغان بولىسىچۇ! — دەپ قالدۇق[2].

3- ئابدۇلــلاھ ئىبنــى ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا رىۋايــەت قىلىدۇكــى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەم مۇنــداق دېگــەن: «ئاللــاھ تابارەكــە ۋەتائــالا ئــۈچ تۈرلۈك كىشــىلەرگە جەننەتنى هــارام قىلــدى: هــاراق ئىچىشــنى داۋام قىلــىپ (ۋاپــات بولغــان كىشــى)، ئاتا - ئانىســنى قاقشــاتقۇچى ۋە خوتۇن - قىزلىرنى كۈنلىمەيدىغان، ئۇلارنىــڭ ناچــار ئىشــلىرنى قوللايدىغــان دەيــۇس»[3].

[1] «بۇخارىي» (5975).

[2] «بۇخارىي» (5976).

[3] «ئەھمەد» (5372).

## ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشنىڭ كۆرۈنۈشلىرى

### 1: ئاتا - ئانىسىنى ھاقارەتلەش، قوپاللىق قىلىپ ئۇلارنى بىئارام قىلىش ۋە يىغلىتىش

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مەن ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن، ئاتا - ئانامنى يىغلىغان ھالەتتە قويۇپ سىلىگە بەيئەت قىلغىلى كەلدىم، — دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سەن ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇلارنى قانداق يىغلاتقان بولساڭ، شۇنداق كۈلدۈرگىن! — دېدى»[1].

### 2: ئۇلارنى دۈشكەلەش ۋە سىلكىشلەش

ئاللاھ تائالا بۇنى چەكلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا﴾ ﴿ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن﴾[2].

### 3: ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن زېرىكىپ، ئۇھ تارتىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ﴾ ﴿ئۇلارغا «ئوھ‍وي» دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)﴾[3].

---

[1] «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» (13)، ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[2] «سۈرە ئىسرا»: 23- ئايەت.

[3] «سۈرە ئىسرا»: 23- ئايەت.

## 4: ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش ياكى قىلىشقا ئۈرۈنۈش

مەسىلەن، نامازنى قەستەن تەرك ئېتىش، هارام يەپ - ئىچىش، تۆرلۈك ناخشا - مۇزىكلارنى تىڭشاش، ئاللاھ هارام قىلغان يىرىم - يالىڭاچ فىلىملەرنى، يالىڭاچ سۈرەتلەرنى كۆرۈش ۋە باشقا چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىش[1].

## 5: ئانىسى ئەتكەن تائاملارنى ياراتماسلىق

بۇنىڭدا ئىككى تۈرلۈك چەكلەنگەن ئىش بار:

بىرى، تائامنى ئەيىبلەش، بۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ.

يەنە بىرى، ئانىسىغا ئەدەبسىزلىك قىلىش ۋە كۆڭلىنى يېرىم قىلىش[2].

## 6: ئۆي ئىشلىرىدا، بولۇپمۇ ئانىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىغا ياردەم بەرمەسلىك

## 7: ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق

## 8: ھېچقانداق بىر ئىشتا ئاتا - ئانىسىدىن رۇخسەت سورىماسلىق، ئۇلارغا مەسلىھەت سالماسلىق، ئۇلارنىڭ قارىشىنى كۆزگە ئىلماسلىق

## 9: ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قىيىنچىلىق پەيدا قىلىش

## 10: ئۇلارغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك شەكىلدە دەشنەم قىلىش ۋە لەنەت قىلىش

---

[1] ‹‹ئەلئۇئەدۇلھەق› ژورنىلى تور بېتى»: «ئۇلار ھەققىدە تىرىشچانلىق قىلىڭ»، 69 - بەت.

[2] مەجدي فەتھي سەييىدنىڭ «ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش» 11 - بەت.

بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بىر ئادەمنىڭ ئاتا - ئانىسىغا دەشنەم قىلىشى چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر، — دېگەندى، ساھابىلەر:

— ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغىمۇ دەشنام قىلامدۇ؟ — دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەئە، ئۇ كىشى باشقا بىرىنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ - دە، ئۇمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ، ئۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ - دە، ئۇمۇ ئۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ، — دېدى[1].

## 11: ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا چەكلەنگەن مۇنكەر ئىشلارنى قىلىش

بۇ تاماكا چېكىش، چەكلەنگەن فىلىملەرنى كۆرۈش ۋە ئەسكى - ناچار بالىلارنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

## 12: ئۇلارغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلىش

بۇ باشقىلاردىن پۇل - مال قەرز ئېلىپ ئادا قىلالماي ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇش، مەكتەپ ۋەياكى باشقا ئورۇنلاردا ئەدەبسىز ۋە قالايمىقان ئىشلارنى سادىر قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنى مەسئۇللارنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىتىش دېگەندەك ئىشلاردۇر.

## 13: ئۇلاردىن زىيادە نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئېغىرچىلىق سېلىش

## 14: ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغاندا ياكى ياشىنىپ قالغاندا ئۇلارنى تاشلىۋېتىش

بۇ توغرىدا بايان قىلىنغان نۇرغۇن ۋەقەلىكلەر بار، - ئاللاھ ياردەمچىسى بولسۇن.

## 15:ئاتا - ئانىسىغا قول ياندۇرۇش ۋە ئۇرۇش

[1] مەجدىي فەتھىي سەييىدنىڭ «ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش» 11 - بەت.

بۇنداق ئىش دىلدىن مېھرى - شەپقەت، كۆيۈنۈش تارتىلىپ دىلى قېتىپ كەتكەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلاردىن سادىر بولىدۇ.

**16: ئۇلارنى ياشنىپ قالغاندا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقتا (ساناتورىيەگە) ئاپىرىپ قويۇش**

بۇ بولسا ياخشىلىقتا يامانلىق قىلىشنىڭ ئۆزىدۇر.

**17: ئۇلارنىڭ يوق بولۇشىنى ۋە ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىش[1]**

[1] مەجدىي فەتھىي سەييىدنىڭ «ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش» 13 - بەت.

# ئاتا - ئاننى قاقشتىش توغرىسىدىكى ئەمەلىي ۋەقەلىكلەر

## ئانىسىغا يۈز رىيالغا ئۆزۈك ئېلىپ بېرىشكە بېخىللىق قىلغان كىشىنىڭ ۋەقەلىكى

بۇ ۋەقەلىكنى شەيخ ئەلىي ئەلقەرنىي ئۆزىنىڭ «كىل يغدو (ھەممە ئادەم ئەتتىگەن چىقىدۇ)» دېگەن لېكسىيەسىدە سۆزلىگەن بولۇپ، شەيخكە بۇ ۋەقەنى جاۋاھىرات ساتىدىغان بىر كىشى سۆزلەپ بەرگەنىكەن.

— «رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر كىشى ئايالى، ئانىسى ۋە كىچىك ئوغلى بىلەن دۇكانغا كىردى، ئانىسى ئۇ كىشىنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ تارتىنىپ دۇكاننىڭ بىر تەرىپىدە تۇردى، ئايالى بولسا ئالتۇنلاردىن تاللاپ يىگىرمە مىڭ رىياللىق بىر نەرسىلەرنى ئالدى، ئاندىن ئانىسى كېلىپ يۈز رىيال قىممىتىدىكى بىر ئالتۇن ئۆزۈكنى ئالدى. ئۇ كىشى ھېساب قىلىدىغان ۋاقىتتا يىگىرمە مىڭ رىيال بەرگەنىدى، مەن:

— يەنە يۈز رىيال قالدى، — دېسەم، ئۇ كىشى:

— نېمىنىڭ پۇلى، — دەپ سورىدى. مەن:

— ئانىڭىز يۈز رىياللىق ئۆزۈكتىن بىر ئالغانىدى، — دېدىم، ئۇ كىشى:

— قېرى ئايالغا ئالتۇن ئۆزۈكنىڭ نېمە كېرىكى! — دېگىنىچە ئۆزۈكنى ئانىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ پۇكەينىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى بەك كۆڭلى چۈشكەن ھالەتتە نەرسىنى ئېلىپ ماشىنىغا چىقىۋالدى. بۇ چاغدا ئايالى ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— نېمە قىلىۋاتىسىز، بۇنداق قىلسىڭىز ئانىڭىز بىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلىمىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ، — دېگەنىدى، ئۇ كىشى ئۆزۈكنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئانىسى مۇنداق دېدى:

— ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى! ھاياتلا بولسام ھەرگىز

ئالتۇن ئۆزۈك سالمايمەن، مەن ھېيت كۈنى مۇشۇ ئۈزۈكنى سېلىپ كىشىلەردەك خۇرسەن بولۇپ ھېيت قىلارمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەپسۇس سەن قەلبىمدىكى بۇ خۇرسەنلىكىمنى يوق قىلدىڭ، ئاللاھ سېنى كەچۈرسۇن»[1].

## ئاتىسى ئوغلىغا ئۆي سېلىپ بەردى، ئوغلى ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەن مۇكاپاتلىدى

بۇ يەردە بىناكارلىق قىلىدىغان بىر كىشى بولۇپ، ئوغلىنىڭ توينى قىلىپ، ئۆزى ۋە بىرقانچە قۇرۇلۇشچى دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوغلىغا بىر ئۆي سېلىپ بەردى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ كىشى ياشىنىپ ماغدۇرسىز، ئاجىز بولۇپ قالدى، ئوغلى ئاتىسىنى ئۆز ئۆيىدە باقتى، ئوغلى ئاتىسىغا ئاشقان يېمەكلىكلەرنى بېرەتتى ۋە ئاتىسىنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. بىر كۈنى ئايالى: «بۇ ئۆيدە يا مەن تۇراي، يا ئاتاڭ تۇرسۇن» دېگەندى، ئۇ ئاتىسىدىن ۋاز كېچىپ ئايالى بىلەن بىرگە تۇرۇشنى تاللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئايالى ئۇنىڭغا ئاتىسىنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇدى، ئوغۇل بولسا ئايالىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، ئاتىسىنى تۇرىدىغان ئۆيىدىن بىر ئەدىيالغا يۆگەپ سۆرەپ ئەچىقىپ پەلەمپەيلەردىن پەسكە تارتتى، پەسكە تارتىش جەريانىدا پەلەمپەيلەر بىر -بىرىگە ئۇلۇشۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ بېشى پەشتاققا ئۇرۇلدى، ئاتىسى چىدىيالماي ئوغلىغا بەك بىچارە قىياپەتتە قارىدى، گەپ قىلالماي كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى، ھەرىكەتمۇ قىلالمايتتى، سۆزمۇ قىلالمايتتى، ئوغلى شۇ سۆرىگىنىچە ئاتىسىنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ھاۋا بەك ئىسسىق، قۇياشنىڭ ھارارىتى يۈزلەرنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن بۇ يەردىن ئىككى كىشى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىرسى ئەدىيالنى كۆرۈپ قېلىپ، ئەدىيالنى ئاچقان ئىدى، ئىچىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان ياشانغان بىر بوۋاي

[1] خالىد ئەبۇ سەلاھ: «أبناء يعذبون آباءهم (دادىلىرىنى ئازابلايدىغان ئوغۇللار)» 51 - بەت.

چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدى، ساقچىلار كېلىپ ئوغۇلنى قولغا ئېلىپ ئۇن بەش يىللىق تۈرمىگە ئالدى، شۇنداق قىلىپ جىنايەتچى ئوغۇل ئائىلىدىن ۋە ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن كىچىك بالىسىدىن ئايرىلىپ يىراقتا تۈرمىدە ياشىدى. ئۇن بەش يىللىق تۈرمە ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئائىلىگە يىگىرمە ياشقا كىرگەن ئوغلىنى ئېلىپ تۈرمىگە كەلدى، ئوغلى ماشىنا ھەيدەپ كەلگەندى. ئاتىسى تۈرمىدىن چىقىپ ئانا - بالا ئىككەيلەننى كۆرۈپ ئۆلارنىڭ تەرىپىگە ماڭدى، ئۇ ماشىنىغا يېقىنلاشقاندا، ئوغلى ماشىنىنىڭ تورمۇزىسىنى دەسسەشنىڭ ئورنىغا ماينى بېسىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ھەيدىدى ۋە ئاتىسىنى باستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاتىسى ئۆلۈك ھالەتتە يەرگە يىقىلدى»[1].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاتام بىلەن قاراڭغۇ كېچىدە كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتاتتىم، كۆزلەر ئۇيقۇدا، ھېچبىر ئاۋاز يوق ئىدى، ئاتام تۇيۇقسىز ناھايىتى ئېچىنغان قايغۇلۇق بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى، ئۇ كىشى مۇنداق مۇناجات قىلىۋاتاتتى:

ئەي قاراڭغۇ كېچىدە ئىلتىجا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغان زات! كېسەللىك بىلەن بىرگە بالا - مۇسىبەت ۋە زەرەرنى يوق قىلىدىغان زات! سېنىڭ ئۆيۈڭ بولغان كەئبىنىڭ ئەتراپىدا ھاجىلار ئۇخلاپ كەتتى. ئەي ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى زات! سېنىڭ كۆزۈڭ يۇمۇلمايدۇ، ئۆز سېخىيلىقىڭ بىلەن ماڭا جىنايىتىمدىن ئارتۇقراق ئەپۇ ئاتا قىلغىن. ھەرەمدە كىشىلەر قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدىغان ئەي ئاللاھ! ئەگەر ھەددىدىن ئاشقۇچى سېنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭغا ئېرىشەلمىسە، ئاسىيلارغا ئۆزىنىڭ ئېسىللىقى بىلەن كىم سېخىيلىق قىلىدۇ؟

ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاتام ماڭا:

---

[1] خالىد ئەبۇ سەلاھ: «أبناء يعذبون آباءهم (دادىلىرىنى ئازابلايدىغان ئوغۇللار)» 53 - بەت.

— ئەي ئوغلۇم! ئۆزىڭنىڭ كەلگۈسىدىكى پەرزەنتى ئۈچۈن ئەدەب بىلەن رەببىگە ئىلتىجا قىلىۋاتقان كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن كەئبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلغاچ ئۇ كىشىنى ئىزدىدىم، ئۇنى تاپالماي ماقامى ئىبراھىمغا كەلسەم، ئۇ كىشى شۇ يەردە ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى سىنى چاقىرىدۇ، — دېدىم. ئۇ كىشى نامىزىنى يەڭگىل ئوقۇپ، ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى. مەن ئۇنى ئاتامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم ۋە:

— مۇشۇ كىشى ئىكەن، — دېدىم. ئاتام ئۇنىڭغا:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دېگەندى، ئۇ:

— مەن ئەرەبلەردىن، — دېدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— مەنازىل ئىبنى لاھىق.

— سېنىڭ نېمە دەردىڭ بار؟ ۋەقەلىكنى سۆزلە!

— گۇناھقا چۆمگەن، ئەيىپ - نۇقسانلىرى تولۇپ تاشقان ۋە خاتالىق دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ۋەقەلىكىدۇر.

— ئۇنداق بولسا ئەھۋالنى تەپسىلى بايان قىلغىن.

— مەن ئويۇن - تاماشادىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان بىر ياش ئىدىم، مېنىڭ ئاتام بار بولۇپ، ئۇ ماڭا كۆپ نەرسە بېرەتتى ۋە ‹ياشلىقنىڭ تۈرلۈك ھەۋەسلىرى ۋە تېيىلدۇرۇشلىرىدىن ھەزەر قىلغىن، ئاللاھنىڭ ئازابى ۋە جازاسى زالىملاردىن يىراق ئەمەس› دەيتتى، ئۇ ماڭا ۋەز - نەسىھەت قىلىپ يالۋۇرسا، مەن ئۇنى ئۇراتتىم. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ماڭا ۋەز - نەسىھەت قىلغىلى تۇرۇۋىدى، مەن ئۇنى بەك ئۇرۇۋەتتىم. ئۇ قاتتىق قەسەم قىلىپ، بەيتۇللاھقا بېرىپ، كەئبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ماڭا

بەددۇئا قىلدىغان بولۇپ يولغا چىقتى، بەيتۇللاھقا كەلگەندىن كېيىن كەئبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

ئەي ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ھاجىلار كېلىدىغان زات! يىراق ۋە يېقىندىن ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدىغان زات! ھەممە ئېھتىياجلىق بولىدىغان، يالغۇز بولغان، يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغان كىشىنى ئۈمىدسىز قايتۇرمايدىغان زات! بۇ ئوغلۇم مانازىل مېنى قاقشىتىشتىن يانمىدى، ئەي رەھىمان بولغان ئاللاھ! ئوغلۇمدىن مېنىڭ ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەرگىن. ئەي ئۇلۇغ يەككە - يېگانە، پەرزەنتى يوق، پەرزەنتلىكمۇ بولمىغان ئاللاھ! ئۆزۈڭنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇۋۋىتىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر تەرىپىنى پالەچ قىلغىن...

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئاتامنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا مېنىڭ ئوڭ تەرىپىم قۇرۇپ كەتتى يەنى پالەچ بولۇپ قالدى، — دەپ ئوڭ تەرىپىنى ئېچىپ كۆرسەتتى»[1].

## كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاتا - ئانىسىنى ئەڭ بەك قاقشاتقۇچى توغرىسىدا

ئەسمەئىي مۇنداق دېگەن: «ئەرەبلەردىن بولغان بىر كىشى ماڭا مۇنداق ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەرگەن: ‹مەن يۇرتىمىزدىن ئاتا - ئانىسىنى ھەممىدىن بەك قاقشاتقۇچى ۋە ھەممىدىن بەك ياخشىلىق قىلغۇچى كىشىنى ئىزدەپ چىقماقچى بولۇپ، ئەتراپنى ئايلاندىم. ھەتتا بىر جايدا بىر بوۋاينى كۆردۈم، ئۇنىڭ بوينىدا ئارغامچا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تۆگىمۇ تارتالمايدىغان يوغان چېلەكتە قۇدۇقتىن سۇ تارتقىلى تۇرۇپتۇ، چۈش ۋاقتى ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى، ئۇنىڭ كەينىدە ئۇنى قولىدا قامچا تۇتقان بىر ياش بالا قامچىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇرۇۋاتاتتى، ئارغامچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇ بوۋاينىڭ دۈمبىسىنىڭ تېرىسى تىتىلىپ

[1] ئىبراھىم ھازىمىينىڭ «ئاتا - ئانىنى قاقشاتقانىنىڭ ئاقىۋىتى»، 31/33 - بەتلەر.

كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— ئاللاھتىن قورقمامسەن، ياشانغان بوۋاينىمۇ شۇنداق ئۇرامسەن؟ ئۇرۇش تۈگۈل ئارغامچا بىلەن سۇ تارتىشتىن ئىبارەت قىيىن ئىشمۇ كۇپايە قىلمامدۇ؟ — دېسەم، ئۇ ياش بالا:

— بۇ مېنىڭ ئاتام، — دېدى. مەن:

— ئۇنداق بولسا ئاللاھ تائالا ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلمىسۇن، — دېدىم. ئۇ بالا:

— سەن ئىشىڭنى قىلغىن! بۇمۇ ئاتىسىنى شۇنداق قىلىپتىكەن، بۇنىڭ ئاتىسىمۇ چوڭ ئاتىسىنى شۇنداق قىلىپتىكەن، — دېدى. مەن:

— ھە، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئاتا - ئانىسىنى ھەممىدىن بەك قاقشاتقان كىشى ئىكەن، — دېدىم»[1].

## ئانىسنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا قولى قۇرۇپ كەتكەن بالىنىڭ ۋەقەلىكى

رىۋايەت قىلىنىشچە، ئانىسىنى قاقشاتقان بىر بالا بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى بۇزۇق ئەخلاقسىز ئايال ئىكەن. ئانىسى دائىم ئوغلىغا ئايالى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدىكەن، لېكىن ئوغلى ئايالىنىڭ تەسىرىدە ئانىسىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمايدىكەن. ئۇ ئايال بولسا ياقا يۇرتتىن كەلگەن، ئەسلى - ۋەسلى مەلۇم ئەمەس بۇزۇق ئايال ئىكەن، ئۇلارنىڭ يۇرتى ۋە دۆلىتىدىنمۇ ئەمەسكەن. — شۇڭا، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن، توي قىلماقچى بولغان كىشى ئالماقچى بولغان ئايالىنىڭ ئەسلى - ۋەسلىنى بىلىشى كېرەك —. ئوغۇل بىلەن ئانىسىنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ كەسكىنلەشكەندە، ئوغۇل ئايالىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئانىسىدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىپتۇ. بىر كۈنى ئوغلى ئانىسىغا:

— ئانا! مەن بىلەن كۆڭۈل ئاچقىلى سەيلىگە بارامسىز؟ — دەپتۇ.

[1] ئىبراھىم ھازىمىينىڭ «ئاتا - ئانىنى قاقشاتقانىنىڭ ئاقىۋىتى»، 49 - بەت.

ئانا ئوغلىنى ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىدۇ دەپ ئويلاپ، بەك خۇرسەن بولۇپ:

— ھەئە، بولىدۇ ئوغلۇم! مەن سىز بىلەن بىرگە باراي، ئاللاھ سىزگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، سىزنى ئاللاھ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن، —دەپتۇ. ئوغۇل ئانىسىنى ماشىنىغا چىقىرىپ سەھراغا بىرگە چىقىش ئۈچۈن ماشىنىنى ھەيدەپتۇ، لېكىن ئانىسىغا قىلىدىغان يامانلىقنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئانىسى خۇرسەنلىكتىن يىغلاپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئوغلى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ ئۇنى كۆڭۈل ئېچىشقا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئوغۇل ماشىنىنى چوڭ يولدا ھەيدەپ بىر ئازدىن كېيىن يان يول بىلەن سەھرا تەرەپكە مېڭىپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يىرتقۇچلارنىڭ ئۇۋىسى بولغان قۇم دۆڭلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ماشىنىسىنى توختىتىپ، ئانىسىغا:

— ماشىنىدىن چۈشۈڭ، — دەپتۇ. بىچارە سالىھە ئانا:

— بىزنى چاقىرغان ھېلىقى كىشىنىڭ بېغىغا كەلدۇقمۇ؟ دەپتىكەن، ئوغلى ئۇنىڭغا:

— بىزنى ھېچ كىشى چاقىرمىدى، لېكىن سىزنى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ كەلدىم، چۈنكى سىز مەن بىلەن ئايالىمنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئۆتكىلى قويمىدىڭىز، — دەپتۇ. ئانىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىغلاپ كېتىپ:

— ئۇنداق بولسا، مېنى ئايرىم ئۆيدە قويۇپ قويۇڭ، — دەپتۇ، ئوغلى:

— ئۇنداق قىلسام، كىشىلەر مېنى ئانىسىنى يالغۇز قويۇپ قويۇپتۇ، — دەپ ئەيىپلەيدۇ، لېكىن سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، بۇنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ، — دەپتۇ، ئانىسى:

— ئاللاھ تائالا سېنىڭ ھەممە ئىشىڭنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئاز ئۆتمەي سەندىن ۋە ئايالىڭدىن ئىنتىقام ئالىدۇ، — دەپتۇ. ئۇ ئانىسىنى مەسخىرە قىلىپ:

— ئۇنداق بولسا، سىزنى ئاللاھ مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزسۇن، — دەپتىكەن، ئانىسى يۇقىرى ئاۋازدا:

— سەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئىرادىسىگە كەلگەن بولساڭ، مەن ھەرگىزمۇ ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿فَإِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ﴾ «(ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايدۇ (يەنى دەرھال ھالاك بولىدۇ)»[1]. دېگەن، — دەپتۇ. ئاندىن ئوغۇل ئانىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتىكەن، ئانىسى ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم! ماڭا بىر ئاز ۋاقىت بەرگىن، ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالاي، مەن تەشەھھۇد ئۈچۈن ئولتۇرغاندا، خاھلىساڭ مېنى ئۆلتۈرسەڭ بولىدۇ، چۈنكى مەن تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا، مېنى ئۆلتۈرسەڭ سېنى كۆرەلمەيمەن، چۈنكى سەن مېنى ئۆلتۈرگەندە سېنى كۆرۈشنى خاھلىمايمەن، — دەپتۇ.

ئىش شۇنداق بوپتۇ. ئانا قىبلىگە يۈزلىنىپ ئاللاھقا بولغان تولۇق ئىشەنچى بىلەن خاتىرجەم ھالدا «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ خۇشۇئ بىلەن نامازنى باشلاپتۇ، ئوغۇل بولسا قورقۇنچ ئىچىدە جىمجىت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ دىلىغا يوشۇرغان مەخپىي سىرلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ئۆزىنىڭ نېمىنى ئىرادە قىلىپ ‹بول› دېسە بولىدىغان قۇدرىتى بىلەن زۇلۇم قىلىنغۇچىغا ياردەم بەرگۈچىدۇر. ئانىسى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشى بىلەن ئوغۇلنىڭ ئىككى كۆزى قىزىرىپ، بەدەنلىرى تىترەپ كېتىپتۇ، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە قاراپ، كىلىشۋاتقان ھېچبىر كىشىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، قولىدىكى تاشنى كۈتۈرۈپ ئانىسىنىڭ كەينىدىن كېلىپ تاش بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ ئانىسىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىشنى مەقسەت قىپتۇ. ئاز ئۆتمەي ئانا ئوغلىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ - دە، چۆچۈپ كەينىگە قاراپ، قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرىنى كۆرۈپتۇ، ئوغلىنى يەر يۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ تاشنى تۇتقان قولىمۇ قۇرۇپ پالەچ بولۇپ، ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە قادىر بولالماپتۇ.

[1] «سۈرە ئەئراف»: 34- ئايەت.

**ئانا يالغۇز ئوغلىغا قاراپ ۋارقىراپ يىغلاپ:**

**— سۆيۈملۈك ئوغلۇم! ئەي ئاللاھ! مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بالام يوق ئىدى، ئوغلۇم! ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ، ئاجىز قوللىرى بىلەن ئوغلىنى توپىدىن تارتىپ ئېلىپ:**

**— كاشكى، ئەي ئوغلۇم! سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن ئۆلسەم بولماسمىدى! ساڭا يەتكەن بۇ مۇسىبەت ماڭا يەتسە بولماسمىدى! دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. دېمەك، يەككە - يېگانە ئاللاھ ئانىسىنى قاقشاتقۇچى بۇ ئوغۇلدىن ئىنتىقام ئېلىپ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايەندە قىلدى»[1].**

## نەسىھەت ۋە ئىبرەت

**بۇۋاپا بىر ئادەم بولۇپ ئانىسىغا قوپال مۇئامىلە قىلاتتى، يۈزىگىلا سەت ۋارقىراپ، تىللاپ، دەشنام قىلاتتى. ئانىسى بىچارە موماي بولسا كۆپ ۋاقىتلاردا ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، ئوغلىنىڭ ۋاپاسىزلىقى ۋە جەۋرى - زۇلمىنى يەڭگىللىتىشنى سورايتتى. ئۇ ئادەم ياشانغان ئانىسىنى ئۆي ئىشلىرىغا سالاتتى. ھالبۇكى ئۇ موماي كۆتۈنۈشكە ۋە ھالدىن خەۋەر ئېلىنىشقا بەك ئېھتىياجلىق ئىدى، كۆپ ۋاقىتلاردا مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئاللاھ تائالاغا يۈرەك پارىسى بولغان ئوغلىنى ئىسلاھ قىلىشنى، توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. بىر كۈنى ئوغلى كۆزلىرىدىن يامانلىق ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقان ھالدا ئۆيگە كىردى ۋە ئانىسىغا ھۆرپىيىپ: «ھازىرغىچە تاماق تەييار قىلمىدىڭىزمۇ؟» دەپ ۋارقىردى، بىچارە ئانىسى تاماق تەييار قىلىشقا تۇردى ۋە بىرئازدىن تاماقنى تەييار قىلىپ ئوغلىغا ئېلىپ كەلدى، لېكىن ۋاپاسىز ئوغۇل ئانىسى تەييار قىلغان تاماقنى ياراتماي يەرگە تاشلىۋېتىپ، ئانىسىغا ئاچچىقلىنىشقا باشلىدى:**

**— مەن بۇ ئاق باش موماي بىلەن چىرىپ كېتىدىغان بولدۇم،**

[1] ئىبراھىم ھازىمىينىڭ «ئاتا - ئانىنى قاقشاتقانلىق ئاقىۋىتى»، 71/69- بەتلەر.

بۇنىڭدىن قاچان قۇتۇلۇشۇمنىمۇ بىلمەيمەن، — دېگەندى، ئانىسى بىچارە يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي ئوغلۇم! ماڭا بۇ قەدەر ئەزىيەت قىلىشتا ئاللاھتىن قورققىن، ئاللاھتىن قورقمامسەن؟ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە غەزىپىدىن قورقمامسەن؟ — دېدى. ئانىسىنىڭ دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تېگىپ، چىچاڭشىپ، ئانىسىنى كىيىمىدىن تۇتۇپ ئۇستۇن كۆتۈرۈپ، سىلكىپ تۇرۇپ:

— مەن سېنىڭ نەسىھەتلىرىڭنى ئاڭلاشنى خاھلىمايمەن، مەن ئاللاھتىن قورققىن دېيىلىدىغان كىشى ئەمەس، — دېگىنىچە، ئانىسىنى يەرگە تاشلىدى، ئانىسى يەرگە يۈزىچە چۈشۈپ ئاچچىق يىغىسى بىلەن مەسخىرىلىك كۈلكىسى ئارىلىشىپ كەتتى. ئوغلى:

— ماڭ! بەددۇئا قىلغىن، سەن ئاللاھ دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىدۇ دەپ ئويلامسەن!؟ — دەپ ئانىسىنى مەسخىرە قىلغان ھالەتتە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئانىسى كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياشلىرىنى تۆكۈپ بىرقانچە كېچە - كۈندۈز يىغلىدى، ئەمما ئوغلى ئۆيدىن چىقىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ناھايىتى خۇرسەنلىك بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا - مۇزىكا قويۇپ يۈرۈپ كەتتى، ئۆيدە غەمكىن قالغان بىچارە ئانىسىغا قىلغانلىرى خىيالىغىمۇ كەلمىدى. بىچارە ئانىنىڭ كۆڭلى ئازابلىنىپ، يۈرىكى قايغۇ ۋە ئاچچىقتىن پۇچۇلىنىپ كەتتى. ئوغلى ماشىنا بىلەن قوشنا يۇرتقا ماڭغان بولۇپ، يولدا ماشىنىنى بەك تېز ھەيدىدى، تۇيۇقسىز يولنىڭ ئوتتۇرىدا بىر تۆگە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى بۇزۇۋەتتى، ئۇ تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتتى - دە، ماشىنىنى توختىتىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى - يۇ، لېكىن تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ماشىنىنىڭ تۆمۈرى ئۇنىڭ بېقىنىغا كىرىپ كەتتى، ئۇ ئۆلمىدى، لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۆھلەت بەردى، ئۇ دوختۇرخانىمۇ دوختۇرخانا بېرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ، ئاخىرىدا ئورۇن تۇتۇپ ھېچ ھەرىكەت قىلالمايدىغان بولۇپ يېتىپ قالدى»[1].

[1] ئىبراھىم ھازىمىينىڭ «ئاتا - ئانىنى قاقشاتقانىنىڭ ئاقىۋىتى»، 73- بەت.

## قولى تۇتماس بولۇپ قېلىش جازاسى

ھامىد دېگەن يىگىت يىگىرمە تۆت ياشتا بولۇپ، بىر كۈنى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئوڭ قولىنىڭ تۇتماس بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى، لېكىن بۇ ئىش بۇ بەختسىز ياشنىڭ يالغۇز ئانىسىنى قاقشاتقانلىقى سەۋەبىدىن بولغان ئىدى. ئۇ دائىم دىنىي قائىدە ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلارغىمۇ رىئايە قىلماستىن، ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەش دېگەنلەرنىمۇ كۆزگە ئىلماستىن، دائىم ئاتا - ئانىسىنى تىللاش، دۈشكەلەش ۋە ئازار قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئانىسىغا بولغان ئەسكىلىكى بەك ئېشىپ كەتتى، ئانىسى ئۇنىڭغا دەرستە چېكىنىپ كەتكەنلىكى ۋە ئەخلاقى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پەقەت ناچار بالىلارغا ئارىلاشماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلاتتى.

بىر قېتىم ئانىسى ئىلگىرى ئوغلى ئەيمىنىدىغان ۋە قورقىدىغان بىر تاغىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئوغلىغا بىر ئاز ھەيۋە قىلدى، لېكىن بۇ قېتىم ئوغلى تاغىسىنى تىللاپ: «ئەگەر ئارىلىشىدىغان بولساڭ، ئۇنى قىلمەن، بۇنى قىلمەن» دەپ ھۆركىرىدى ۋە ئۆزىنى باسالماي ئانىسىغا ئايىغىنى ئاتقان ئىدى، ئاياغ ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە تەگدى.

ۋاپاسىز ئوغلىدىن بۇنداق ئەزىيەتكە ئۇچرىغان ئانا بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭغا بەددۇئا قىلدى. ئەتىسى تۇيۇقسىز بىر ئىش يۈز بەردى، ئوغۇل ئەتىگەندە ئويغىنىپ ئوڭ قولىنى ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان ئىدى، ئۇنىڭغا قادىر بولالمىدى، ئۇنىڭ قولى تۇتماس بولۇپ قالغان ئىدى.

ئوغۇل ئىشكىنى ئىچىدىن تاقاپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەققىدە قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ كېچە - كۈندۈز يىغلاشقا باشلىدى، مېھرىبان ئانىنىڭ يۈرىكى چىدىماي قولىدىن باشقا ئىش كەلمىسىمۇ، يۈرەك پارىسى بولغان ئوغلىنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلدى[1].

---

[1] ئىبراھىم ھازىمىنىڭ «ئاتا - ئانىنى قاقشاتقانلىقنىڭ ئاقىۋىتى»، 100- بەت.

## ئاتىسنى ئۇرغان كىشىنىڭ ۋەقەلىكى

بىر كوچىدا مۇنداق بىر ئىشقا شاھىد بولدۇق: ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان، بۇغدايئۆڭلۈك، بېجىرىم بىر ياش ئېغىر بىر ھاسا بىلەن يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بىر بوۋاينى ئۇرۇۋاتاتتى، ئورۇق بوۋاي جىمجىت تۇرغان بولۇپ، تاياقتىن ھېچبىر شىكايەت قىلمايتتى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئەتراپىغا كىشىلەر توپلاشتى ۋە بوۋاينى ئۇ يىگىتنىڭ تايىقىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى، ئەتراپتىكىلەردىن بىرى ئۇ يىگىتكە:

— بۇ بىچارە بوۋاينى نېمە دەپ ئۇرىسەن؟ ئاللاھتىن قورقامسەن؟
— دېدى، ئىككىنچى بىرى:

— بۇنداق قاتتىق ئۇرغۇدەك سېنى نېمە قىلدى؟ — دېدى، لېكىن يىگىت ھېچكىمنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي بوۋاينى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۈچىنچى بىر كىشى مۇنداق دېدى:

— بىرەر كىشىنىڭ ئاتاڭنى مۇشۇنداق ئۇرىشىدىن قورقامسەن؟ — دېدى ۋە كىشىلەرگە قاراپ:

— بۇ تاش يۈرەك ياشنىڭ ئاتىسىنى كىم تونۇيدۇ؟ بۇنىڭ قىلمىشىدىن ئاتىسىغا شىكايەت قىلساق، بەلكىم ئاتىسى بۇنىڭغا تەنبىھ بېرەر، — دېدى. شۇ ئارىدا ئېغىر - بېسىق، ھەيۋەتلىك بىر كىشى ئالدىغا چىقىپ تەمكىنلىك بىلەن:

— بۇ ياشنى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنى مەن تونۇيمەن، ھەقىقەتەن بۇ ياش ئاتىسىنى ئۇرۇۋاتىدۇ، بۇ تاياق يەۋاتقان بىچارە بوۋاي بۇ ياشنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆزى شۇ، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان كىشىلەر چۆچۈپ، چىرايلىرى ئۆزگىرىپ ھەممىسىنىڭ يۈزىدە ھەيرانلىق ئەجەپلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى...

— ئاجايىپ ئىش! بالا قانداق بولۇپ ئاتىسىنى مۇشۇنداق قاتتىق ئۇرىدۇ؟ — دېيىشىپ، ياش بالىنىڭ تايىقىدىن بوۋاينى قۇتۇلدۇردى. ئەمما بوۋاي تىترىگەن ھالدا:

— ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مەندىن ئىنتىقام

**ئالدى... مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا ئاتام مەندىن ئازراق پۇل تەلەپ قىلغاندا، ئاتامنى مۇشۇنداق قاتتىق ئۇرغان ئىدىم، — دېدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە سۆيۈنۈپ تەكبىر ئېيتىشتى.[1].**

**﴿پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[2].**

[1] ئىبراھىم ھازىمىينىڭ «ئاتا - ئانىنى قاقشاتقانلىقنىڭ ئاقىۋىتى»، 130- بەت.

[2] «سۈرە فۇسسىلەت»: 46- ئايەت.

# پەتۋالار[1].

## پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتى

**سوئال: مېنىڭ چوڭ ئاپام ۋاپات بولدى، مەن ئۇنى بەك چوڭ بىلەتتىم، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، مەن ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان بەزى ئاددى ئىشلارنى ئادا قىلدىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنىمۇ پايدىلىق بولغان قانداق ئەمەللەرنى قىلسام ياخشى بولىدۇ؟**

**جاۋاب: چوڭ ئاپىڭىز ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ، ئىستىغپار ئېيتىڭ، سەدىقە قىلىڭ، ھەج قىلىڭ، ئۆمرە قىلىڭ، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بولىدۇ. سىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىڭىزدىن: ئەگەر چوڭ ئاپىڭىز سىزگە شەرئىي تەرەپتىن بىر ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداڭ، چوڭ ئاپىڭىز تەرىپىدىن بولغان تاغا - ھامما قاتارلىق تۇغقانلار ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا سىلە - رەھىم قىلىڭ. بۇ ھەقتە بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:**

**— ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۈچۈن قىلىدىغان بىرەر ياخشىلىق بارمۇ؟ — دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**— ھەئە، بار. ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ، ئىستىغپار ئېيتىڭ، ئۇلارنىڭ ئادا قىلالماي قالغان ئىشلىرى بولسا، ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئادا قىلىڭ، ئۇلارنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىنى ئىززەت - ئىكرام قىلىڭ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا سىلە - رەھىم قىلىڭ، — دېگەن. ھەممىدىن توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.**

**شەيخ ئىبنى باز**

---

[1] بارلىق پەتۋالار مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەلمۇسنەد توپلاپ تەرتىپلىگەن «ئىسلام پەتۋالىرى» ناملىق كىتابتىن نەقىل قىلىندى.

## ئاللاھقا تەۋبە قىلىش

**سوئال: بىر قېتىم ئانامغا بەك ئاچچىقىم كېلىپ، چوڭ ئاكامنىڭ ئالدىدا: «ئەگەر ئۇ ئانام بولمىغان بولسا، كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتىم» دەپ سالدىم، كېيىن دېگەن سۆزۈمگە بەك پۇشايمان قىلدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟**

**جاۋاب: ھەقىقەتەن بۇ بىزدە بۈيۈك ھەققى بولغان ئانىمىزغا ئەمەس، ھەتتا كاپىرغىمۇ دېيىش توغرا بولمايدىغان، چوڭ گۇناھقا سەۋەپ بولىدىغان بىر سۆزدۇر، ئۇ بولسىمۇ «كۆيدۈرۈۋېتىش»تىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭدەك بۇ بىزدە كۆپ ھەققى بولغان مېھرىبان ئانىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى ئىنكار قىلىشتۇر. سىزگە زۆرۈر بولغىنى، ئانىڭىزدىن سادىر بولغان ھەرقانداق ئىش بولسا، ئۇنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلىش. چىرايلىق، گۈزەل سۆزلەرنى قىلىش. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھقا تەۋبە قىلىش، سادىر قىلغان خاتالىقىڭىزغا پۇشايمان قىلىش. ئانىڭىزدىن ئەپۇ قىلىشنى، كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىش. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ».**

**شەيخ ئىبنى جىبرىن**

## سىرتتا چىقىشتىن ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىدىن ئىزنى ئېلىش

سوئال: ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ھەممە ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ مەسىلەن، بىرەر جايغا بېرىش، خىزمەت بىلەن تۇرۇپ قېلىش ۋە ئۆيدىن چىقىش دېگەندەك ئىشلاردىمۇ ئىزنى سوراش كېتەمدۇ؟

جاۋاب: ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ياكى ئاللاھ ئۈچۈن پەرز بولغان ئەمەللەرنى تەرك قىلمايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە پەرز بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ ﴿ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن﴾[1].

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ــ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇنداشقا تىرىشىش، ئۇلار مېھرى - شەپقەتلىك بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جىھادتىن باشقا تىجارەت، ساياھەت دېگەندەك نورمال سەپەرگە چىقىدىغان ۋاقىتتا ئۇلاردىن ئىزنى سوراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، ئۆزىنى ۋە ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت زۆرۈر بولغان ئۇرۇشلار، شەرت - شارائىت تولۇق بولغاندا قىلىنىدىغان پەرز ھەج، زۆرۈر بولغان ئىلملەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىزنى سورىماي چىقىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارغا قىلىدىغان ئىشنىڭ تەپسىلاتى، پايدىلىرىنى سۆزلەش بىلەن ئىزنى ئالغان تۈزۈك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پەرۋەردىگارنىڭ رازىلىقى ئاتا - ئانىنىڭ رازىلىقىدىدۇر، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئاتا - ئانىنىڭ غەزىپىدىدۇر». ئاللاھ ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

شەيخ ئىبنى جىبرىن

[1] «سۈرە ئىسرا»: 24- ئايەت.

## ئانام رازى بولمىغان بىر چوكان بىلەن توي قىلىشنى مەقسەت قىلمەن

سوئال: مەن بىر چوكان بىلەن توي قىلماقچى بولغان بولۇپ، ئاتام ۋە قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا مۇۋاپىق كەلدى، لېكىن ئانام بۇنىڭغا قېتىلمىدى ۋە رازى بولمىدى. ئانامنىڭ قېتىلماسلىقى ۋە رازى بولماسلىقىغا پەرۋا قىلماستىن، بۇ چوكان بىلەن توي قىلسام بولامدۇ؟ ئەگەر توي قىلسام ئانامنى قاقشاتقان بولامدىم؟

جاۋاب: ئانىنىڭ ھەققى بەك كاتتا، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ سىزگە قىلىدىغان نەسىھەتىم شۇكى، ئانىڭىز قېتىلمىغان ۋە رازى بولمىغان قىز بىلەن توي قىلماڭ. چۈنكى ئانىڭىز كىشىلەر ئارىسىدا سىزگە ھەممىدىن بەك كۆيۈنگۈچىدۇر ۋە سەمىمىيدۇر، بەلكىم ئانىڭىز ئۇ قىزنىڭ سىزگە پايدىلىق بولمىغان تەرەپلىرىنى بىلگەن بولۇشى مۇمكىن. شەكسىزكى، ئانىغا ياخشىلىق قىلىش تەقۋادارلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر، پەقەتلا ئانىڭىز مۇسۇلمان ئەمەس، ئۇ قىز مۇسۇلمان ھەم تەقۋادار بولۇپ، ئىش سىز سوئالدا بايان قىلغاندەك بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئانىڭىزغا ئىتائەت قىلىش كېرەك بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئىتائەت قىلىش دېگەن ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ».

شەيخ ئىبنى باز

## مەس بولۇپ قالغان ئاتىسىنى ئۇرغانلىقى توغرىسىدا

سوئال: ئاتام مەس قىلغۇچى ماددىلارنى ئىستېمال قىلىدۇ، مەس بولۇپ قالغاندا ئايالىنى يەنى ئاپامنى ئۇرۇپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا بىلەن ئاپامنى تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەن تۇرۇپ ئاتامنى ئۇرىمەن، ئاتام ئىككىيلەننى ئۆيدىن قوغلايدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە مېنىڭ ئاتامنى ئۇرۇشۇمنىڭ شەرئىيتىكى ھۆكمى نېمە؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مېنى جازالامدۇ؟

جاۋاب: مېنىڭ بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىمنىڭ بېرىمى ئاتىغا قارىتىلىدۇ، يېرىمى بالىغا قارىتىلىدۇ، ئەمما ئاتىسىغا دەيدىغىنىم: ھاراق ئىچىشتىن ھەزەر قىلىڭ، چۈنكى ئۇ چوڭ گۇناھتۇر ۋە ئىنساننىڭ ئەقلىگە، بەدىنىگە زىيانلىقتۇر.

شۇڭا ئۈچۈن، ئاتا ئاللاھقا تەۋبە قىلسۇن، ئەجىلى يېتىپ كېلىشتىن ۋە ئۆلۈمدىن بۇرۇن ھاراق ئىچىشتىن يىراق بولسۇن، ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

ئەمما ئوغۇلغا قىلىدىغان نەسىھىتىمىز: ئۇنىڭ ئانىسىنى ئاتىسىنىڭ تايىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ئىشىدا گۇناھ يوق، لېكىن ئەگەر ئانىسىنى ئاتىسىنىڭ قولىدىن ئاتىسىنى ئۇرماستىن قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولسا، شۇنداق قىلىش كېرەك. چۈنكى ئاتىسىنى ئانىسىنى ئۇرۇشتىن چەكلىشى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بولغاندىكىن، بۇنى ئۇرماستىن باشقا يوللار بىلەن ھەل قىلسا ياخشى بولىدۇ؛ ئەگەر پەقەت مۇمكىن بولمىسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇرۇپ قالسا بۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ.

ئىبنى ئۇسەيمىن

## ئانســغا زۆرۋر بولغــان دىنــى ئىشــلارنى تەلــم بېرىشــمۇ ئانســغا ياخشــلىق قىلــش ھېســابلىنىدۇ

سوئال: ئاتــام ۋاپــات تاپقانلىقتىــن ئانــام بىــز بىلــەن بىــر ئۆيــدە تۇرىــدۇ، ئانــام ئوقۇمىغــان بولــۇپ، بىــز ئۇنىڭغــا تۇرلــۇك زىكىرلــەر ۋە قىســقا ســۈرىلەرنى يــاد ئالدۇرســاق، مەنىســىنى تولــۇق چۈشــىنىپ بولالمايــدۇ، شۇنداقتىمۇ پــەرز ۋە نەپلــە بولغــان نامــاز ۋە روزىلارغــا بەك ئەھمىيــەت بېرىــدۇ. ئۇنىڭغــا ياخشــلىق قىلىــش بىلــەن ئۇتــۇق قازىنىــش ۋە ئۇنىــڭ بىلــەن مۇئامىلــە قىلىشــتىكى ئــەڭ ئۇنۇملــۇك يــول قايســى؟

جــاۋاب: ســىلەرنىڭ ئانــاڭلار ئۈچــۈن قىلىدىغــان زۆرۋر ئىشــڭلار ئۇنىڭغــا شــەرئەت كۆرسەتمىســى ۋە ئــۆرپ - ئــادەت تەرەپتىــن ياخشــلىق قىلىشــتۇر. شــەرئىي تەرەپتىــن قىلىنىدىغــان ياخشــلىقلار: ئۇنىڭغــا ئالــلاھ تائــالا پــەرز قىلغــان ئاغزاكــى ۋە ئەمەلــي ئىبادەتلەرنــى مۇلايىملــىق بىلــەن تەلــم بېرىــش، بــەزى يېتەرســىزلىكلىرى بولســا ئەپــۇ قىلــش، بــەزى ئاچچىقلىــرى ۋە خاپىلىقلىرىنى ئۇستىگە ئېلىش، ۋە قىسقا ۋاقىتتىــلا مۇكەممــەل بولۇشــنى تەلــەپ قىلماسلىقتۇر. مۇكەممەللىكنــى مەقســەت قىلغــان كىشــى ســەبىر قىلىــپ كۈتۈشــى كېــرەك، ئاللاھنىــڭ ئىزنــى بىلــەن كەلگۈســىدە مۇكەممەللىكنــى ھاســىل قىلىشــى ئۈچــۈن كەڭــرى يــول قويــۇش كېــرەك.

ئىبنى ئۇسەيمىن

## ئاتا - ئانام بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ، بىرىگە ياخشىلىق قىلسام، يەنە بىرىنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ

سوئال: مەن يىگىرمە بەش ياشقا كىردىم، ئاتام بىلەن ئانام دائىم بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ، بىرىگە ياخشىلىق قىلسام، يەنە بىرى مەندىن قاچىدۇ؛ ئىككىنچىسىگە ياخشىلىق قىلسام، بىرىنچىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ، مېنى ئاتا - ئانىنى قاقشاتتىڭ دەپ ئەيىپلەيدۇ. هۆرمەتلىك ئۇستاز! مەن ئاتا - ئانامغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىم كېرەك؟

جاۋاب: بىز شۇنداق دەيمىزكى، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنسانلارغا ئادا قىلىش ئەڭ زۆرۈر بولغان ئەمەللەردىندۇر، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾[1].

بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، ئىنساننىڭ ئاتا - ئانا ھەر ئىككىسىگە ياخشىلىق قىلىشى زۆرۈر بولىدۇ. ئۇلارغا مال بىلەن، بەدىنى بىلەن، يۈز - ئابرۇيى بىلەن ۋە ياخشىلىقتىن قادىر بولالايدىغان ھەممە نەرسە بىلەن ياخشىلىق قىلىش كېرەك. ئاتا - ئانىڭىز ھەققىدە زىكىر قىلغان ئۇلارنىڭ دائىم ئۇرۇشىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بىرىگە ياخشىلىق قىلسىڭىز، يەنە بىرىنىڭ سىزگە ئاچچىقلىنىدىغانلىقىغا كەلسەك، سىزگە زۆرۈر بولغىنى ئىككى تۈرلۈك ئىشتۇر:

بىرىنچى: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دائىم يۈز بېرىدىغان جېدەل - ماجرا، ئاداۋەت، ئۆچمەنلىكلەر تۈگىگەنگە قەدەر كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشىڭ، چۈنكى ئەر - ئايال ئىككىلىسىنىڭ بىرىنىڭ

[1] «سۈرە ئىسرا»: 23- ئايەت.

يەنە بىرى ئۈستىدە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەق - ھوقۇقلىرى بار، ئۇنى چوقۇم ئادا قىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى يوق قىلىپ، بەختلىك ھاياتقا قايتىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشىڭىزمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئىككىنچىسى: ئۇلارغا نىسبەتەن سىزگە زۆرۈر بولغان ئىش، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىگە ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ سىزدىن خاپا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىرىگە ياخشىلىق قىلغاندا، ئۇنى يەنە بىرىدىن مەخپىي قىلىشتۇر. ئانىڭىزغا ئاتىڭىز بىلمەيدىغان بىر ئىش بىلەن ياخشىلىق قىلىڭ، ئاتىڭىزغىمۇ ئانىڭىز بىلمەيدىغان بىر ئىش بىلەن ياخشىلىق قىلىڭ. شۇنىڭ بىلەن تەلەپ قىلىنغان ئىش ھاسىل بولىدۇ. ئاتا - ئانىڭىزنىڭ بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك ھالىتىگە، بىرىگە ياخشىلىق قىلسا يەنە بىرى خاپا بولىدىغان ھالەتتە تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىغا رازى بولىسىڭىز توغرا بولمايدۇ. سىزگە زۆرۈر بولغىنى ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىگە بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلسا، يەنە بىرىنى قاقشاتقان بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ ھەر ئىككىيلەنگە ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىبنى ئۇسەيمىن

## ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلمەن دەپ ۋاجىب ۋە سۈننەت ئەمەللەرنى تەرك قىلىشنىڭ ھۆكمى

سوئال: ئىنسان «ئاتا - ئانامغا ئىتائەت قىلمەن» دەپ سۈننەت ئەمەللەرنى تەرك قىلسا توغرا بولامدۇ؟ مەسىلەن، ئاتىسى ئۇنىڭدىن كۆينەك كىيمەسلىكنى تەلەپ قىلسا، بۇ يەردە مۇستەھەب بولغان سۈننەت بىلەن تەكتىلەنگەن سۈننەتنىڭ ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟ ھەرقانداق بىر سۈننەتنى قىلىش ياخشىلىق ھېسابلىنامدۇ؟

جاۋاب: ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىش ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بۇيرۇقلاردىن بىرەر ئىشنى قىلماسلىقتا ياكى ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلاردىن بىرەر ئىشنى قىلىشتا سەۋەپ بولسا، ياراتقۇچىغا ئاسىيلىق قىلىپ مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش توغرا بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش بولىدىغان ئىشتا ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىشتا مۇۋاپىق كېلىشىڭىز توغرا بولمايدۇ.

دائىمي كومىتېت

## ياخشى كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇشنى تەرك قىلىشتا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

سوئال: ئاتا ـ ئانام مېنى سالىھ كىشىلەر، ياخشى ساۋاقداشلارنى تەرك ئېتىشكە ۋە ئۇلار بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈنمۇ بىرگە سەپەرگە چىقماسلىقتا بۇيرۇسا، مۇشۇنداق ھالەتتىمۇ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشىم كېرەك بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشىڭىز كېرەك بولمايدۇ، سىزگە زىيان بولىدىغان ئىشتىمۇ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش كېرەك بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئىتائەت ياخشىلىقتا بولىدۇ». يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق». سىزنى ياخشىلارغا ھەمراھ بولۇشتىن چەكلىسە، ئۇنىڭدا ئاتا ـ ئانىغا ۋە باشقىلارغىمۇ ئىتائەت قىلىش كېرەك بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ناچار كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇشتىمۇ ھېچ كىشىگە ئىتائەت قىلىش كېرەك بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاتا ـ ئانىڭىزغا مۇلايىملىق بىلەن سۆز قىلىپ چىرايلىقچە چۈشەنچە بېرىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، «ھۆرمەتلىك ئاتا ـ ئانا! سۆيۈملۈك ئاپا! ئۇلار سالىھ، تەقۋادار ياخشى كىشىلەر، مەن ئۇلاردىن گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشىلىقلارنى ئۆگىنىمەن، ئۇلار بىلەن بىرگە بولسام دىلىم يۇمشايدۇ، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىمەن» دەپ، قوپاللىق قىلماي، ئۇلارغا گۈزەل ئۇسلۇپ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈڭ. ئەگەر يەنىلا سىزنى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىشتىن چەكلىسە، ئاتا ـ ئانىڭىزغا بىلدۈرمەي ئۇلارغا ئەگىشىڭ، ئالاقە قىلىڭ. ئاتا ـ ئانىڭىز ئۇلار بىلەن بىرگە يۈرۈشىڭىزدىن رازى بولمىسا، بۇ ئىشلاردىن ئاتا ـ ئانىڭىزنى خەۋەردار قىلماڭ. لېكىن سىز ئاتا ـ ئانىڭىزغا پەقەت ياخشىلىقتا ئىتائەت قىلىڭ، ئەگەر ئۇلار سىزنى ناچار كىشىلەر بىلەن ئارىلىششقا ياكى تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىشكە، زىنا قىلىشقا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بۇزۇق ئىشلارغا بۇيرۇسا ئۇلارغا ۋە باشقىلارغىمۇ ئىتائەت قىلماڭ! بۇ ھەقتە يۇقىرىدا ئىككى ھەدىسنى بايان قىلدۇق. ئاللاھ تائالا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

شەيخ ئىبنى باز

**ئاتىڭىزنىڭ بىرنەرسە سېتىۋېلىشقا بەرگەن پۇلى ئېشىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىگە بولىشىڭىز توغرا بولمايدۇ**

**سوئال:** ئاتام مېنى بەزى نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتسە، سېتىۋالغان نەرسىدىن ئازراق پۇل ئېشىپ قالسا، ئاتامغا دېمەيلا بۇنى مەن ئىشلەتسەم توغرا بولامدۇ؟

**جاۋاب:** ئاتىڭىز ئېھتىياجلىق بولغان بەزى نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىزگە بەرگەن پۇلنىڭ ئېشىپ قالغىنىنى ئاتىڭىزنىڭ خەۋىرى يوق سىز ئىشلەتسىڭىز توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئاشقان پۇلنى ئاتىڭىزغا قايتۇرۇپ بېرىسىز، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇيرۇغان ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ﴾[1].

دائىمي كومىتېت

[1] «سۈرە نىسا»: 58- ئايەت.

## ئاتام مېنى تاماكا سېتىۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ

سوئال: ئاتامنىڭ مەندىن باشقا پەرزەنتى يوق، ئۇ مېنى تاماكا ئەكىلىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇنىمسام، ماڭا ئاچچىقلىنىپ ئىچى سىقىلىدۇ. مەن تاماكىنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇنى ئەكىلىپ بېرىشنى ياخشى كۆرمەيمەن، بۇ توغرىمۇ؟

جاۋاب: تاماكا پاسكىنا نەرسىلەردىن، ئۇنى ئىستېمال قىلىش هارامدۇر، ئاللاه تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتۇر. ئۇنى چېكىدىغان كىشىلەرگە ئەكىلىپ بېرىش، سېتىۋېلىش ئۇنى چېكىشكە ۋاستە بولىدۇ. ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى نىشانىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئۇنداقتا نىشان هارام بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلەرمۇ هارام بولىدۇ. ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىش دېگەن ئاللاه تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان شەرئىەتتە يولغا قويۇلغان مۇباھ ئىشلاردا بولىدۇ، ئەمما ئاللاه تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئىتائەت ياخشىلىقتا بولىدۇ»(نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى). يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق»(ئىمام ئەھمەد مۇسنەدتە، هاكىم مۇستەدرەكتە كەلتۈرگەن). ئاللاه تائالا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن.


دائىمي كومىتېت

بۆ کتابچە بۆ یەردە تاماملاندی

ئاللاھ تائالا بۆ کتابنی  بارچمزغا مەنپەئەتلك قلغاي

# ئاتا - ئانىغا

# ياخشىلىق قىلىش




﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا﴾

سورة الإسراء: 23

﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىڭگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي! دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن). ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن﴾.

سۈرە ئىسرا 23- ئايەت